توختى قاسىم خۇشال

# جۇڭغارىيە مەرۋايىتى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-09654-1
9 787228 096541 >

ISBN 7-228-09654-1
（民文）定价：12.00元

15
1227
97

توختى قاسم خۇشال

# جۇڭغارىيە مەرۋايىتى

(شېئىرلار)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

准噶尔的宝石/托合提·哈斯木著. 一乌鲁木齐:新疆人民出版社, 2005.11
ISBN7—228—09654—1

Ⅰ. 准… Ⅱ. 托… Ⅲ. 诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 131883 号

责任编辑:阿地力·阿布都沙拉木
责任校对:古丽夏尔·尼合买提
封面设计:艾克拜·萨力

**准噶尔的宝石** （维吾尔文）

托合提·哈斯木 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001）
新疆新华书店发行
新华印刷厂印刷
889×1194 毫米 32 开本 8.375 印张 2 插页
2005 年 11 月第 1 版 2005 年 11 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7—228—09654—1 定价:12.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىل ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# جۇغغارىيە مەرۋايىتى

توختى قاسىم (خۇشال)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 889×1194، 1/32 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 8.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2005 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—09654—1
باھاسى: 12.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

جۇڭگودىكى قەدىمىي نېفىتلىكلەرنىڭ بىرى بولغان مايتاغ نېفىت ـ خىمىيە رايونىدىكى كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «ئىشچىلار شائىرى»، «بىزنىڭ شائىرىمىز» دەپ تەرىپلەپ كېلىۋاتقان شائىر توختى قاسىم (خۇشال) 1935 ـ يىلى 6 ـ ئاي- نىڭ 17 ـ كۈنى شىخو شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى يۇرتىدا تاماملاپ، 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن، 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خىزمەتكە چىقىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن شىخو باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ھەم مايتاغ 1 ـ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1956 ـ يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ نېفىتچىلىرى» گېزىتىدە تەھرىرلىك ـ مۇخبىرلىق خىزمەتلى- رىنى ئىشلىگەن. ئاخىرى شىنجاڭ نېفىت تېخنىكومىدا مەمۇرىي خادىم بولۇپ ئىشلەپ، 1993 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان.

شائىر 1953 ـ يىلى تارباغاتاي گېزىتىدە ئېلان قىلغان «ۋەتەن ئوغۇل ـ قىزلىرى» دېگەن تۇنجى ئەسىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنى باشلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ شائىرنىڭ 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ناخشا تېكىستى ۋە لەپەرلىرى «تارىم»، «ئىلى دەرياسى»، «مايبۇلاق»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. بىر قىسىم شېئىرلىرى «مايتاغ ناخشىسى»، «ئىزدىيار لىرىكىسى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى.

شائىر توختى قاسىم (خۇشال) نىڭ 70 يىللىق ھايات يولى، 52 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسى نىفىتلىكلەر بىلەن چەمبەر-چاس باغلانغان بولغاچقا ، نېفىت يۇرتىنى كۈيلەشنى، نېفىت-خىمىيە ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى سۆيۈشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدى ھەم ئۆزىمۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلدى .

شائىرنىڭ شېئىرلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتە تازا قىيامىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، تىل جەھەتتە يېنىك، ئىخچام، راۋان، مەزمۇن جەھەتتە كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر خىل ئىزدىنىش روھى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ .

شائىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق مايتاغ دىيارىنى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە، ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلىۋاتقان، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلار ئىستىكىدە ياشاۋاتقان ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ جۇشقۇن، بەختىيار ھاياتىنى مەدھىيلەپ، بىزنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. كىشىلىك مۇنا-سىۋەت، ئادەمىيلىك سۈپىتى، ۋىجدان، ساداقەت، ۋاپادارلىق ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن شائىرنىڭ شېئىرلىرى كەڭ ئاممىغا دەرسلىك بولدى .

شائىر 70 يىللىق ھاياتىدا 52 يىل ئىزچىل قەلەم تەۋرىتىپ كەلدى، بۇنداق ئىزدىنىش روھىنى ھەممەيلەن ئۆگەنسەك بولىدىغان، بولۇپمۇ ياش ئاپتورلىرىمىز ئۆرنەك قىلىدىغان روھتۇر .

بىز شائىرنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە ئىجادىيەتلەرگە ئۇتۇق، مول مەزمۇن تىلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

زامانەڭگە ھەشقالىلا ........................ 1
ناغرائىنى چال ........................ 4
ئۆرلەيمىز تېخى ........................ 6
قىز بويىغا يەتكەندە ........................ 8
ياخشىلىق ........................ 10
ھىلەك ........................ 12
بىر دېۋەڭگە ........................ 16
ھەيرانمەن كارامىتىڭگە ........................ 17
قېنى مەن ئائىلىغان كۆلكەڭ ........................ 19
ئالدىدا ........................ 21
جاھان رەپتارلىرىغا ........................ 23
ئىلتىجا ........................ 25
بەڭۋاشقا ........................ 27
سالام «ئىلى دەرياسى» ........................ 29
كۆڭۈل ........................ 32
سەپەر تەسىراتلىرى ........................ 34
نەۋرەمگە ........................ 36
مەجنۇنتالغا ........................ 38
كونا دوستۇمغا ........................ 39
ئۇيغۇر قىزىغا ........................ 41
ئالدامچىلار ........................ 43

يار دېگەن ........................ 45
بايرامدا ........................ 47
كەلسەڭ ........................ 49
سوۋغا ........................ 51
دېھقان قىزىمەن ........................ 53
تىلىكىم ........................ 55
ۋەدەڭدە تۇرالامسەن ........................ 56
بارىكاللا قاسىم ئىمىن ........................ 58
مانا بىز كوممۇنىستلارمىز ........................ 60
مەرھابا، سابا ........................ 62
ئاق خالاتلىق پەرىشتەم ........................ 64
قىسمەت ........................ 66
بالام بولساڭ ........................ 68
تۇرپان تەسىراتلىرى ........................ 70
تۇرمۇش چاقچىقى ........................ 75
بىر ياشقا ........................ 77
جۇڭغاردىكى مەرۋايىت ........................ 79
ئەۋلادقا ........................ 81
جۇڭغار قىزىغا ........................ 83
ئۇستاز ........................ 85
ئانامخان ........................ 87
نەۋرىلەر ........................ 88
سەن كېلەمسەن ـ بارايمۇ؟ ........................ 90
مايتاغ قىزى ........................ 91
ئانىلار تەرىپى ........................ 93

www.uyghurkitap.com


يامانغا بولما يانتاياق ........................ 96

مېھمان بوۋاي شادلىقى ........................ 98

ئىللەتنى تاشلىساق گۈللەيدۇ مىللەت ........................ 103

يار كۆلكىسى ........................ 107

زامان شادلىقى ........................ 108

توۋا ........................ 110

يىگىتكە ........................ 112

ئانامنى ئەۋلىيا دەيمەن ........................ 114

خىزىر خىتابى ........................ 116

ياق، دېسەم ........................ 117

ئوقۇمىساق بولمايدۇ ........................ 119

بىر كۆرۈپ ........................ 122

پارچىلار ........................ 124

سايرىدى خۇشال بۇلبۇل ........................ 129

يوق ئارمان يۈرەكلەردە ........................ 131

جەڭچى ناخشىسى ........................ 133

كەل باھار ........................ 135

كۆيچىلەرگە ........................ 137

كۆرۈنمىسەڭ بوپتىكەن ........................ 139

يول ........................ 140

بىر نادانغا ........................ 141

شاپىلاق ........................ 145

بالامغا خىتاب ........................ 146

ئىشچى شەنگە ........................ 148

يىللار كۆلكىسى ........................ 151

خۇشالـمەن پەرى خۇشچـراي ............................ 155
جەڭدىمەن ............................ 157
مېيىـپ روھى پەلەكتە ............................ 159
ئۆمۈر ھۇزۇرى ............................ 161
قاراماي ............................ 163
ئادالەت خۇشتـىرىدۇرمەن ............................ 165
كۇلۇشمەكتە بىر جۇپ بوۋاي ............................ 167
تاشلىدىم ............................ 170
رۇبائىلار ............................ 178
ھالال بول ئىنسان ............................ 187
خۇشال كۇلكىسى ............................ 189
ئادەمدەك ياشا ............................ 191
پەندىيات ............................ 193
يار ............................ 196
سۆيمىسەڭ ............................ 198
ئاللانىڭ چاقچىقى ............................ 199
رەددىيە ............................ 200
قەنتتىن قەنتچىلەر تاتلىق ............................ 201
«مىس چوكانغا مەدھىيە» ............................ 203
نەۋرەمگە جاۋاب ............................ 205
ئۆلمەمدىمەن ............................ 206
قىلتاقچى قىزغا ............................ 210
شاماللار ............................ 211
مايتاغ بۇلبۇلى ............................ 213
چولپان كۆزۈڭگە ............................ 215

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

ئۇلپەتلەر ........................ 217
يېشىل يۇرت ناخشىسى ........................ 220
جاڭجال ........................ 221
جانجىگەر دوستۇم ........................ 223
ئەلۋىدا ........................ 224
بىلمەيتىمەن ........................ 226
خانتەڭرى قىزىغا ........................ 228
ئىتتىپاقلىق كۆچ ........................ 230
ئادەمگەرچىلىك ........................ 232
خىسلەت ........................ 234
«گۇناھىڭ» يوقمۇ ........................ 235
دىۋانىلەرگە ........................ 237
سېنى سۆيىمەيمەن ........................ 239
نۇرۇزنامە ........................ 241
قەشقەر قىزىغا ........................ 244
مېڭىشىمغا قاراپ كۈلمە ........................ 245
قېچىپ يۈرمە ........................ 247
يەتمىش داۋان ئاشقاندا ........................ 249
گۈلچىراي زېمىن ........................ 256
لىي فىڭ روھىدىن ........................ 258

## ✲ زامانەڭگە ھەشقاللا ✲

1

دېھقان سايدا ئاش تەرسە ،
ئىشچى تاغدا تاش تەرسە .
شۇمۇ لىللا ئىشمىكەن ،
خېنىم باغدا قاش تەرسە .

خېنىم ئويناپدۇ تاش تەرمەك ،
بەگ كۆڭلىنى ئۆستۈرمەك .
كەمبەغەلگە باقىمۇ ،
ئېڭىزلىقتا باش تەرمەك .

خېنىمغا ماي گۆش كەلسە ،
بەگلىرىمگە تۆش كەلسە .
باللارغا نېمە كۈن ،
يانچۇغىمىز بوش كەلسە .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئوڭدا ياتسا بەگ ـ غوجام ،
تاغار ـ تاغار ئاش كەلسە .
كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىسەك ،
بىزگە تاياق ـ مۇشت كەلسە .

قېرى خوتۇن ، باللار ،
قۇتۇلمايتتى تاياقتىن .
قىلچە ئېۋەن چىقسىلا ،
كالتەك ، چوماق ، پالاقتىن...

2

ئەجەب زامان بوپتىكەن ،
ئۆتمۈش دېگەن كاساپەت .
كەلمەس ئەمدى مەڭگۈلۈك ،
ئۆتمۈشتىكى ئالامەت .

قوياش چىقىپ زەپ چاغدا ،
ئامان قالدى جېنىمىز .

كومپارتىيەم بولمىسا ،
ئاقار ئىكەن قېنىمىز .

ئالتۇن قۇياش ماۋجۇشى ،
رەھمەت سىزگە يۈرەكتىن .
گۇڭشې قوينىدا ئەمدى ،
ياشىرىمىز بۆلەكتىن .

1956 ـ يىل ماي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ❋ ناغرا ئۈنى چال ❋

بولدى ھېيت ـ بايرام بۈگۈن ،
سۈناي بىلەن ناغرا ئۈنى چال .
قىزىغاي بۇ بەزمىمىز ،
پوجاڭزا ئات جاڭجاڭنى چال .
بىرلىشىپ جىمىكى مىللەت ،
سىردىشىپ ئاچقاي كۆڭۈل .
قىزىغاي ساما ئۇسسۇلى ،
خۇش ناۋا سازىڭنى چال .

تەڭرىتاغدىن ھالقىغاي ،
نېفىتچىنىڭ خۇش چاقچىقى .
قالمىسۇن ئارمان دىلىدا ،
يايرىغاي موماي مو چال .

*

تۇرمۇشى بولدى باياشات ،
تولدى پۇلغا يانچۇقى .

مەئىشەتكە تولدى يۇرتۇم ،
سەنمۇ گۈشنان چاينىۋال .

چاينى قۇي ، سالغىن ناۋاتنى ،
ھەم شېرىن شېكەرنى سال .
دوست ئۇچۇن مەي تولدۇرۇلغان ،
ئەتىۋار جامىڭنى ئال .

*

دىل تۇتاشقاي بىر ــ بىرىگە ،
مەڭگۇ ئايرىلماس بولۇپ .
قوش يۈرەك دىلتارىغا ،
تەڭكەش قىلىپ دۇتارنى چال .

1957 ــ يىل ئۈرۈمچى

## * ئۆرلەيمىز تېخى *

بىلسەڭ بىزنى دۇنيا ياخشى تونۇپ قوي ،
مانا بىز جۇڭخوا ئوغۇل ـ قىزلىرى .
يېڭى دۇنيا يېڭى جۇڭگو ياسايمىز ،
ئاينى يۇلۇپ يۆتكەپ يەرگە يولتۇزنى .

تىلسىمات تاغلار ، بەڭۋاش دەريالار ،
كوماندىمىزغا سالىدۇ قۇلاق .
هە ـ هۇ ، دېگۈچە هەيۋىمىزدىلا ،
سۇسىز تاشلاردىن بىنادۇر بۇلاق .

كۆكنىڭ قەھرىگە ئۆرلەيمىز تېخى ،
مارس ، ئۇرانغا سالىمىز سالما .
گەدەنكەش دېڭىز ـ ئوكيان ئۈستىگە
يەنتەيگە ئوخشىتىپ تېرىيمىز ئالما .

ئوكيانلار تەكتىدىن سۈزۈپ تاشپاقا ،
سامادا چالىمىز غەلىبە سازىنى .

ھەممە پەسىلنى قىلىمىز باھار ،
تېخىمۇ سۆيۈپ تاڭ قۇياشىنى .

ئېمىشقا ، دېسەڭ قۇياشىمىز بار ،
ئۇلۇغ پارتىيەم سەپنىڭ بېشىدا .
بىزنى كۆرەلمەس ياۋۇز ھۇۋقۇشلار ،
قان قۇسۇپ ئۆلەر «ھۇررا !» ئاستىدا .

1976 ـ يىل



## ❋ قىز بويىغا يەتكەندە ❋

دادىسى توسۇپ ، ئانا توۋلىسا ،
قىزغا بۇ ئىشنىڭ كارىمۇ چاغلىق .
قىزنىڭ سۆيگۈنى ــ سۆيىدۇ قىزنى ،
كايىسا كىمكى ، بولۇر ئەخمەقلىق .

«قىل بىلەن چىڭ تۈگكەن چىگىشنى ،
قول بىلەن ھەرگىز بولمايدۇ يېشىپ .
ئەپلىشىپ قالغان شېرىن كۆڭۈلنى ،
گاڭ بىلەن ھەرگىز بولمايدۇ ، كېسىپ » .①

تاياقتا زورلاپ قىيىنىغانسىرى ،
قىزى قاچىدۇ تامدىن ئارتىلىپ .
يىگىت بەختىيار ئاچار قوينىنى ،
ئېرىگەن قەنتتەك كېتەر چاپلىشىپ .

① بۇ كۇبلېت ئەلىشىر نەۋائىنىڭ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرىسى

نېمىشقا ، دېسەڭ سەنمۇ بىر چاغدا ،
مەشۇقۇڭنى دەپ چەكمىگەنمۇ دەرد ؟
ئەمدى ۋارقىراپ كالتەك كۆتۈرسەڭ ،
قوشناڭ ئاڭلىسا ، نېمىدېگەن سەت ؟

قىز بىلەن يىگىت تېپىشقان كۈنى ،
قار ـ مۇز بولسىمۇ بىلىنەر باھار .
ئاشىق يولىنى توسايمەن دېسەڭ ،
ساڭا نەپرەتلىك سازىنى چالار .

1969 ـ يىل ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## * ياخشىلىق *

ياخشى ئادەمگە ئىجىلدۇر ھەممە جايدا ياخشىلىق ،
ياخشىلارنىڭ خىسلىتىدۇر ئەلگە قىلماق ياخشىلىق .
ياخشىلىق قىلغانغا سەنمۇ تىرمىشىپ قىل ياخشىلىق ،
ئەل ئۇچۇن قايغۇرمىغان نائەھلىگە يات ياخشىلىق .
ياخشىلارنىڭ بەختى ئۇ ھەمراھ ئۆمۈرگە ياخشىلىق .

تۆگىسە رىسقى كىشىنىڭ ئۆلمىكى ھەق ئاقىۋەت ،
ھەق ياشاپ ئۆلسە كىشى ، قەبرە ئىچى گۈل ئاقىۋەت .
ياخشىلىق سىڭگەن دىلىغا ئادىمى ئۆلمەس پەقەت ،
ساختىپەزنىڭ ئۆمرى قىسقا ، زارى ــ زاردۇر ئاقىۋەت .
ئەڭ ئۇلۇغ ساۋابى شۇلدۇر ، ياخشىلىققا ــ ياخشىلىق .

«ياخشىلىققا ــ ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر ،
يامانلىققا ــ ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر .»
ياخشىلىققا يامانلىق تىرىك ئۆلگەن كىشىدۇر ،
ئادەملەرنىڭ ئادىمى بىلسەڭ ئۇلۇغ كىشىدۇر .
ئىككى ئالەم نۇر بېرەر چىرايىڭغا ياخشىلىق .

ئالىم بولغان ئىكەنسەن ، ئادەم بولمىساڭ بولماس ،
مىڭ تۆلكىنى قايناتساڭ تىرىلمەيدۇ بىر يولۋاس .
كىمكى ئەلنى قاقشاتسا چىرايىدا خۇن بولماس ،
جىنايەتچى ئوغرىنىڭ «داخىر كالۋاسى» تولماس .
ئادەمىيدەك ئادەمسەن – ھەمراھ بولسا ياخشىلىق .

ئۇيغۇرۇمنىڭ خىسلىتى ئادىتىدۇر ياخشىلىق ،
بىر – بىرىگە مېھرىبان قىلىشمايدۇ ساختىلىق .
ئەۋلادلارغا مىراس شۇ – بىزدىن قالسا ياخشىلىق ،
ئىمانى بار ، ئەقلى بار ئادەملەرنىڭ بەلگىسى .
قولۇم – قوشنا ، مەھەللىگە دائىم قىلۇر ياخشىلىق .

ئىككى ئالەم تىلىكى ئۈمىدى ھەم ياخشىلىق ،
ئاتا – ئاناڭ ، دوستلىرىڭ ئارمانى شۇ ياخشىلىق .
ئۇلۇغ جەننەت يولىنىڭ مەشئىلى شۇ ياخشىلىق ،
ئۆزۈڭگە تارت جاپانى ، باشقىغا بەر ھالاۋەت .
ئىككى ئالەم قاناتتۇر يېتىلدۇرسەڭ ياخشىلىق .

1977 – يىل ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## ❋ ھىلەك ❋

( ساتىرا )

ئاتا ــ ئانام نەچچە ئۆيلەپ تويدى مەندىن ،
قۇتۇلالماي ماڭا تەگكەن چوكان غەمدىن .
ھەممىنى ئوخشاتتىم قورۇق قاخشالغا ،
ئاقىۋەت ئايرىلدىم ئاتا ــ ئانامدىن .

بىرسى دەيدۇ: «ئىچىدىكەن ، چېكىدىكەن » ،
بىرسى دەيدۇ: «ئاتىدىكەن ، ئۇرىدىكەن » .
خوتۇن دىگەن ھەر ھەپتىدە يىمىسە تاياق ،
قاپاق سىلىپ ، گېپىڭىزگە كىرمەيدىكەن .

ئۆتتى كۈنلەر بىر ــ بىرىدىن بولۇپ چاتاق ،
قىرىق بولدى يېشىم ، ئۆزۈم كونا بويتاق .
چېكىپتىمەن ، ئېتىپتىمەن ، ئىچىپتىمەن ،
باستى غەپلەت ، كۆزلىرىمدە قايناپ چاپاق .

نەدىن كەلدى بىر جاسارەت باغلىدىم بەل ،
ئۈچ يىل راسا ئىشلىۋېدىم تۈزلەندى بەل .
شەھەرگە كىرىپ چوڭ رەستىنى چۆرگىلىسەم ،
ئۈچراپ قالدى ئۈزۈن چاچلىق ، ئىنچىكە بەل .

« ھىلەك يىگىت » ، لاغايلىماي رەستىلەردە ،
ئويلاپ بېقىڭ ، يالغۇزلۇقنىڭ كۈنى تەمسىز .
دېدى ماڭدى بىر قايرىلىپ كۈلۈپ قويۇپ ،
مەن ئەگىشىپ مېڭىۋەردىم بولۇپ غەمسىز .

خالىي يولدا ئۆزۈم بىھۇش سۆز ساپتىمەن ،
بۇ خېنىمنىڭ گۈل قوينىغا قول ساپتىمەن .
نازۇ ـ كۈلكە ، شېرىن پاراڭ قىزىغاچقا ،
ۋەدە بېرىپ لەۋلىرىگە لەۋ ساپتىمەن .

پۈتتى تويلۇق ، تويمۇ بولدى ، ھەپتە ئۆتمەي ،
چىرايىنى ئېنىق كۆرمەي ، بىرنى سۆيمەي .
ھەممە ئايان بولدى ئاخىر يىل توشقۇچە ،
بولدى بىر دەرد ، كىمگە ئېيتاي كىمگە سۆزلەي :

بار ـ يوقۇمنى ناز خۇلقىدا ئېلىپ بولدى ،
قۇرۇقدالدى يانچۇقلىرىم ئۇنىڭ تولدى .
تىلى شېكەر ، دىلى زەھەر كاساپەتكەن ،
چىرايلىرىم ساپسېرىقلا سامان بولدى .

ھىلەكتۇرمەن ، پۇشايمىنىم تۈگىمەستۇر ،
مېنى ئالداپ قېچىپ كەتكەن تېگى پەستۇر .
ئايا دوستلار ، ئېلىڭ ئىبرەت ئۆتمۈشۈمدىن ،
تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈش ماڭا ئىجازەتتۇر .

ئۈچ يىل ئىشلەپ يانچۇقۇمنى پوملىغانتىم ،
ئالدىراپلا كۆڭۈل بەرگەچ زارۇ زارمەن .
خېلى ـ خېلى خېنىملارنى پوملىغانتىم ،
ئاقىۋەتتى مانا ئەمدى خارۇ زارمەن .

بولدى ئەمدى چوكان ـ قىزغا قارىماسمەن ،
يىگىت ھىلەك ئەمەستۇرمەن يارىماسمەن .
قۇرۇپ كەتسۇن كونا ـ يېڭى ئىللەتلىرىم ،
ئەسكىلەرنى ئەمدى ھەرگىز دورىماسمەن .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھىلەك قايغۇ ، غەمنى تاشلا ، بەلنى باغلا ،
سالغان زۇلۇم سەنمۇ نەچچە قىز ـ چوكانغا .
« ئەل قىساسى مىنەلھەقتۇر » — بىلمىدىڭمۇ ؟
ئەمدى قاچا تاپالمايسەن پۇشايمانغا .

1970 ـ يىل



## * بىر دېۋەڭگە *

بۇ ئالەم ئادەمگە شۇنچىلا كەڭرى ،
ساڭىلا تار قىلىپ بەرگەنمۇ تەڭرى .
شۇنچە ئادەملەر پاتقان كوچىغا ،
پاتمىدىڭ، يولۇڭ تۇز ، مېڭىشىڭ ئەگرى .

ساق چېغىڭ ، كۆرۈنگەن قىزغا قاش ئېتىپ ،
مەست چېغىڭ ، قىرى - ياش دېمەي تاش ئېتىپ .
يۈرەمسەن شۇ پېتىڭ قىلچە ئۆزگەرمەي ،
ئادەمسىز قالغاندا تامغا باش ئېتىپ ؟

ئايالىڭ كەتتى قېيداپ دەردكە چىدىماي ،
باللار يېتىم قالدى قەلبى ئىللىماي .
ئىشتىنىمۇ ئايرىلدىڭ بولدۇڭ بىر دېۋەڭ ،
قانداقمۇ ياشارسەن سەپكە قېتىلماي ؟!



ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ❁ ھەيرانمەن كارامىتىڭگە ❁

بەزىلەر بىر ئۆمۈر ئۆتۈشەر «ۋاي» دەپ ،
خۇدا، دەپ باش قويۇپ قۇرئان قۇچاقلاپ .
بەزىلەر ئىچىدۇ ، چېكىدۇ «ۋاي» سىز ،
كۆرۈنگەن ھۇجرىدا قىزلارنى ئوۋلاپ .

بەزىلەر كۆزىدە ياش ، يوقتۇر كۈلكىسى ،
ئەلەملەر ئۈستىگە كېلىپ ئەلەملەر .
بەزىلەر بىلمەيدۇ پۇلنىڭ سانىنى ،
قولىدىن چۈشمەيدۇ ئالتۇن قەدەھلەر .

بەزىلەر ئاچ ـ يېلىڭ قۇرۇق ئۈستىخان ،
رەڭگىمۇ ساپسېرىق چىرايى توپا .
بەزىلەر ئەينەكلىك ئېسىل سارايدا ،
ئوينىشار يۈزىگە سۇرۇشۇپ ئۇپا .

بەزىلەر خىيانەت ، پاھىشە بىلەن بەند ،
بەزىنىڭ يېگىنى ئەلەم بىلەن دەرد .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باقىدا دىيىشسەك جەننەت ، دوزاخنى ،
پانىدا ئىككەنغۇ دوزاخ ھەم جەننەت .

ئاھ خۇدا ، ھەيرانمەن كارامىتىڭگە ،
ھەيرانە ــ ھەۋەستە ئالامىتىڭدىن .
ئەسىرلەر شۇ پېتى بولمىسۇن داۋام ،
تىلەيمەن بىر ئامال دالالىتىڭدىن .



## ✽ قىنى مەن ئاڭلىغان كۆلكەڭ ✽

ئەجەب بىر زەردە گۇش قىلدىڭ ،
پىراق ئوچىقىدا داغلاپ .
كۆڭۈل بەرگەنىدىم باشتا ،
سىنى مەن ئاق كۆڭۈل چاغلاپ .

بولار ـ بولماي ئاران ئۆچ ئاي ،
زىرىكتىڭ تاللىۋالغاندىن .
يەنە كىملەرنى خارلايسەن ،
ئاشىق بولۇپ يالغاندىن .

شاختىن ـ شاخقا قونغان قۇش ،
ياشار پاختەك كەبى ۋەيران .
كاككۇك دەيدىكەن زەينەپ ،
ۋاپاسىزلىغىدىن سەرسان .

www.uyghurkitap.com

قاچان كۆرسەم چىرايىڭ مۇز ،
قېنى مەن ئاڭلىغان كۈلكەڭ .
مۇرادىڭغا يېتەلەيتتىڭ ،
چېكىپ بىرنىلا سۆيسەڭ.

1969 ـ يىل ئاۋغۇست



## ئالدىدا

بول ئادالەت ، خەستە بولما ، رەزگى تۆھمەت ئالدىدا ،
ئەيلىمە زىنھار تەمەننا ، ناز ، خوشامەت ئالدىدا .

گەپنى قىلساڭ ھەقنى ھەق دە ، ناھەقنى ھەق دەپ جۆيلىمە ،
بولما ھەرگىز ساختىپەز ئەھلى ـ جامائەت ئالدىدا .

ئىشلىگىن ئەل خىزمىتىن ، ھەر جايدا بولساڭ جان تىكىپ ،
يەشمىگىن بەلنى پەقەت مۈشكۈل جاپالار ئالدىدا .

يالقۇندا ئالتۇن تاۋلىنار ، مەرد يىگىت جەڭلەر ئارا ،
تاغ ـ داۋانلار باش ئېگەر ، غەيرەت ـ جاسارەت ئالدىدا .

مەڭگۈ ئۆچمەس تۆھپە قالغاي ، كەلگۈسى ئەۋلاد ئۈچۈن ،
تۇرما مەڭدەپ ئازغىنا تۆھپە ، شان ـ شەرەپ ئالدىدا .

دوست ئاغرىتىپ ئەيتمۇركى ، دۈشمىنىڭ دەر كۈلدۈرۈپ ،
توغرا بول تۇرمۇشتا ھەتتا تىل ـ ئاھانەت ئالدىدا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئاقلا ۋىجدانىڭ بىلەن ئانا يۇرت ئۇممىدىنى ،
يىغ ھوشۇڭ ، نەپسىڭنى بوغ ، راھەت ـ پاراغەت ئالدىدا .

قەھرىمان ئەلنىڭ باھاسى ، ئەڭ ئۇلۇغ ئادىل باھا ،
كۆل بولۇر تۆھمەت دېگەن دانا ھەقىقەت ئالدىدا .

كەلسە دۈشمەن ئات ئۈزۈڭنى جەڭگە يۇرمە دالدىدا ،
بار خۇشال سەنمۇ قىلىشما جەڭگە پەرمان ئالدىدا .

1970 ـ يىل سېنتەبىر



## ❋ جاھان رەپتارلىرىغا ❋

گەپلەرنىڭ سېسىقىمۇ كار قىلمىدى ،
ئېغىرلىقىچۇ تېخى ـ سىلىقلىسامۇ .
زادى پاتمىدى ئىچىمگە لەنەت ،
ئاغزىمنى چىڭ قىلىپ چەمبەرلىسەممۇ .

ھەيرانمەن ، تىللىسام چىدىغىنىڭغا ،
قانداقمۇ چىدىغانسەن چىمدىغىنىمغا .
بار جىسمىڭ مۇزغا ئوخشاش قېتىپ قاپتۇ ،
چىرايىڭ ئۆزگەرمىدى مىجىغىنىمغا .

ھەي ئەخمەق ، زاماندىن پەرۋايىڭ پەلەك ،
سەن ئۇچۇن جېنىمنى تارتۇقلىسامۇ .
بىناۋا ، بىسابا ، بىۋاپا ئىكەنسەن ،
بىر قېتىم سۆيمىدىڭ قۇچاقلىسامۇ .

مەقسەتنى بىلمىدىڭ شەرەتلىگەندە ،
تەۋرىسەڭ بولمامدۇ تەۋرەتمىسەممۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

كاجلىقىڭ ئېشىپ چۈشتى جاھىللىقىڭدىن ،
ئەگىشىپ ماڭمىدىڭ قولتۇقلىسامۇ .

ھەي جاھان رەپتارلىرى ئۇيقۇڭنى ئاچ ،
سىلكىنىپ باقساڭ باقار بەختىڭ كۈلۈپ .
ئاقماس بۇگۈن جاھىللىقىڭ ھەم كاجلىقىڭ ،
ياشىغىن يۇرمە تىرىك ئۆلگەن بولۇپ .

بەس ! كىرمە جاھانىنىڭ رەپتارلىقىغا ،
چيكىتىسز جىڭ بىلەن جىڭلاپ ئۆزۈڭنى .
كوچىغا ، مەھەللىگە ، بازارغا قارا ،
ياش تۇرۇپ خارلىما گۈلدەك يۈزۈڭنى .



## ❀ ئىلتىجا ❀

نەدە بار مېكىياننىڭ ساز چالغىنى ،
چوقۇپ يېسە بولاتتىغۇ تېرنقىنى .
سېغىزخانغا نېمە قويدى ناخشىلارنى ،
چوقۇلىسا يېتەر ئېشەك يېغىرىنى .

دۆت بولسا مەھەللىمىزنىڭ گەيجاڭلىرى ،
ساراڭلىشار بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى .
ئاندا ـ ساندا يولۇقمىز شۇنداقلارغا ،
تۇگىمەيدۇ ئەدەپلىشى ، سوراقلىرى .

قول قويسا ئىسمىنى يازار تەتۈر ،
سەن بىلەن كارى بولماس ، ماختاپ قويساڭ .
ئايرىماس ياخشى بىلەن يامىنىنى ،
كۈلىدۇ ، كۈلۈپ تۇرۇپ تىللاپ قويساڭ .

ئاھ خۇدا ، قىسمەت تولا ئادىمىڭدە ،
شۇنداقلا ئوڭشىلارمۇ ئالىمىڭدە .

ئوقۇغان ، تىرىشچاننى سايە قىلساڭ ،
كۆڭلىمىز كۆلمەسمىدى ھىممىتىڭدە .

ئايا چەرخ ، قىسمەتلىرىڭ ئەجەب تولا ،
ئادەم بىلەن ھايۋانلارنىڭ پەرقى قېنى ؟
ھەممىدىن ئادەملەرنى ئۇلۇغ دەيسەن ،
ئۇلۇغلىغان ئادىمىڭنىڭ نەرقى قېنى؟

ئاق سۈت ئەمگەن ئادىمىڭ بىز ئۇلۇغ ئىگەم ،
ئېزىپ ـ تېزىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بار .
بەندە ئازسا يۆلەيدىغان ئۇلۇغ تەڭرىم ،
سەن ئازمىساڭ ، بىزگە گۈلدەك كۈنلەرمۇ بار .

ئىگەم ئەگەر بىزگە قىلساڭ ياخشىلىقنى ،
كۆپچىلىككە نەپ بەرگۈدەك كويلارغا سال .
يۈرىكىمدە ئالىچىپار غەش بولمىغاي ،
ئەلگە كۆيۈپ ، ئەل دەيدىغان ئويلارغا سال .

1972 ـ يىل فېۋرال

## * بەخۇۋاشقا *

قىلغاندا جاكا «كىم ؟» — دەپ قالىسەن ،
تارتسا گەجگەڭدىن «ئىم ...» — دەپ قالىسەن .
قولۇڭدا كويزا ، پۇتۇڭدا كىشەن ،
ئاناڭنى تاشلاپ قانداق ماڭىسەن .

ئىگەكنى ساقال باسقىنىنى بىلەن ،
قانۇن ئالدىدا دىدەك بالىسەن .
تەن بەرمىسەڭ پۇشايمانلارغا ،
نوغۇشتا ئوتنى پۇۋلەپ قالىسەن .

زامانغا لايىق بولمىسا قىلىق ،
يامان قىلىقلار جان ئالار سىلىق .
ئاقىۋەت كۆرمىگىنىڭ دوزاخنىڭ كۇنى ،
ئۆلگەندەك قارماققا ئىلىنىپ بىلىق .

www.uyghurkitap.com

تونۇمىساڭ قانۇن دېگەننى ،
تونۇۋالىدۇ ھەر جايدا سېنى .
سەل چاغلىما ، ئېسىڭدە چىڭ تۇت ،
خەلقىمىز تۈزگەن قانۇن ـ نىزامنى .

1977 ـ يىل



## ❋ سالام « ئىلى دەرياسى » ❋

سالام «ئىلى دەرياسى » سالىمىمنى قوبۇل قىل ،
يوللار يىراق بولسىمۇ كۆڭلىمىز بەكمۇ ئىجىل .
«تۇتاي ئوتلۇق دەستە گۇل» دېگەن تىلەك چوڭ ئىدى ،
ئارمانغا يوق دەرمانىم ، خۇشال دىلىم بەك خىجىل .

ئىلىنىڭ گۇل بېغى كۆركەم ، كىشىنىڭ ھەۋىسى پەيۋەس ،
بىر بىرىپ قالغان كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئۆچمەس ھەۋەس .
نە ھاجەت ئىزدىمەك جەننەت ، ئىلى ۋادىسى تۇرسا ،
كۆڭۈللەر شوخلىنىپ ياشنار يۇتساڭ ھاۋاسىدىن بىر پەس .

ھويلىسى باغ ، تاغلىرى باغ ، ئالمىلىرى داڭ ،
ئاشلىقىنىڭ كۆپلۈكىدىن يېتىشمەيدۇ ساڭ .
قىزلىرى گۇل ، يىگىتلىرى بەئەينى بۇلبۇل ،
ياشىرىسەن مەشرىپىنى بىر كۆرەر بولساڭ .

ئىشنى قىلسا يىگىت ـ قىزى خۇددى بىر چاقماق ،
ئۇچەيلىرىڭ ئۈزۈلىدۇ قىلغاندا چاقچاق .

ئىناقلىقى ئۈيۈلتاشتەك ، ئاجرىماس ھەرگىز ،
سودا ـ سېتىق ، پۇل تېپىشتا «موللا تاپقاق» .

ئېتىز دېسە جان بېرىدۇ دېھقانلىرى ،
ئۆلەڭ ئېيتىپ مال باقىدۇ چوپانلىرى .
قوتانلارغا قوي ـ كالىلار پېتىشمىغان ،
سانى سانسىز ئۆشچان بىلەن چولپانلىرى .

پارتىيەم دەپ يۈرىكىنى قېقىشىدۇ ،
مېھمان كەلسە يۈرىكىنى يېقىشىدۇ .
كۆڭلى كۆكسى ئالەم كەبى كەڭرى ئۇنىڭ ،
تىل بىلمىسە شەرەت بىلەن چېقىشىدۇ .

«ئىلى دەيدۇ ، ئېلىپ يەيدۇ » دېسەڭ مەيلى ،
بېرىپ قېلىپ كېتەلمىسەڭ ، كۆڭۈل مەيلى .
خۇدايىمنىڭ كۆزى چۈشكەن جەننەت ئىكەن ،
يىگىتلىرى مەجنۇن سۈپەت ، قىزى لەيلى .

ئىچۇك دېسەڭ ، سادىر ئۆتكەن دىيار ئىلى ،
تومۇرىدا ئۇرغۇپ تۇرار بوۋاي قېنى .

يەتتە ياشتىن ـ يەتمىش ياشار ناخشىۋەندۇر ،
نەق ۋايىغا يەتكۈزىدۇ مۇقامىنى .

ئىلى دېسەڭ ئۆتتەك يانار بۇ يۈرەكلەر ،
مايتاغلىقنىڭ قوبۇل قىلغىن سالىمىنى .
سېنى ماختاپ قانچە يازسام تۈگىمەس گەپ ،
بەك سېغىندىم ، بەك سېغىندىم باھارىڭنى .

1985 ـ يىل



www.uyghurkitap.com

## ❀ كۆڭۈل ❀

ئاي تۇرۇپ ، ئايدەك تۇرۇپ ،
ئايلارغا تەلمۈرگۈزدىڭىز .
گۈل تۇرۇپ ، گۈلدەك تۇرۇپ ،
گۈللەرگە تەلمۈرگۈزدىڭىز .

بەردى دەرد مۇڭلۇق يۈرەككە ،
چالغاچقا دۇتارىڭىز .
بولدى پەرۋانە بۇ كۆڭلۈم ،
بولمىدى ھېچ كارىڭىز .

چالسىڭىز مەيلى چېلىڭكى ،
مەن بولاي زىل تارىڭىز .
ئىككى ئالەملىك بولاتتى ،
گۈل چىراي دىدارىڭىز .

كۆزىڭىز ئوينايدىكەن شوخ ،
نەدە ئوي ـ خىيالىڭىز .
سارغىيىپ سامان بولارسىز ،
ئىككى بولسا يارىڭىز .

1988 ـ يىل ئىيۇن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ❀ سەپەر تەسىراتلىرى ❀

## پەرىزات چوققىسى ①

گۈزەلىنىڭ رەقىبى كۆپتۇر شۇنچىلىك ،
شۇڭا پەرىزات قاچقان قاياققا ؟
ئاشىقىنىڭ ئوقياسى قادالسا كۆزگە ،
يىغلارمۇ شۇ يىگىت تەگكەن تاياققا .

پەرىزات مۆكۈندى ئەنخۇيغا شۇ چاغ ،
باغرىنى كەڭ ئاچتى ياپيېشىللىق باغ .
تۈمەنلەپ يىگىتلەر قالدى ھەسرەتتە ،
كىيلەمتى ئادەمگە ئۆتۈپ كەتكەن چاغ .

نېمىشقا ئاۋارە بولۇپ يازىمەن ،
پەرىزات چوققىسى ھەققىدە نەزمە .

① ئەنخۇيدىكى گۈزەل بىر چوققا نامى

بولدى قىل قەلىمىم ، يورغاڭنى توختات ،
پەرىزات قەلبىدەك قەلبىمنى ئەزمە .

## تەيفېڭسەندە

تەيفىڭسەنگە چىققۇچە بوگۇن ،
مىڭبىر پەلەمپەينى باسقاندىمەن .
سالسام نەزەر ئاستىمغا ـ پەسكە ،
شو تاپ ئەرشتىن ھالقىغاندىمەن .

يامىشىپ تىرمىشىپ ئاخىر ئۇلاشتىم ،
ئەنە چوققىدا قىپقىزىل بايراق .
خالايىق ! ئەرشكە چىقتىم مەن بوگۇن ،
ئۈچ گەزچە ئۈستۈمدە ئاسمان بار بىراق .

تەيفىڭسەن باغرىدا قىزىتتۇق بەزمە ،
دولان ئۇسسۇلى چىقتى ئەۋجىگە .
ئېچىلىپ ئاغزى ھاڭ ـ تاڭ قىلىشتى ،
بىر توپ ئادەمنىڭ ، ئۇيغۇر پەيزىگە .

## * نەۋرەمگە *

ئاتاپ يازدىم شېئىر نەۋرەمگە ،
ئازاب كۆرمەي دائىم كۈلەرگە .
مانا ئەمدى تويمۇ باشلاندى ،
دۇئا قىلدۇق ياشناپ كېتەرگە .

ئاتا ــ ئانا بولسىمۇ ئۇلۇغ ،
ئېگىلەركەنمىز نەۋرە دېگەنگە .
تاتلىقىنى نەۋرىگە بېرىپ ،
شادلىقىنى چىچىپ ئالەمگە .

بالىغا تويمايمىز ، تويساقمۇ ئەگەر ،
تويمايدىكەنمىز نەۋرە دېگەنگە .
نەۋرىلەرگە باغلانغانسىرى ،
تارتقان جاپالار ھۇزۇر ئادەمگە .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدى ئادرىسى

كەلگۈسى بول بالام يۈرتۈمنىڭ گۈلى ،
بولمىسا تىنىمسىز سايرار بۇلبۇلى .
خەلقىمگە يارامىلىق بىر يىگىت بولساڭ ،
يايرايدۇ شادلىقتىن بوۋاڭنىڭ دىلى .

1983 ـ يىل ئاپرېل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

## ❀ مەجنۇنتالغا ❀

بېشىڭ دائىم ساڭگىلاقلىق ،
چاچلىرىڭ چاڭگىلاقلىق .
ئوخشاپ ھۆرۈن خوتۇنلارغا .

تونۇرغا ئوتۇن بولالماي ،
كۆكتالغا خوتۇن بولالماي .
مىجەزىڭ ئوخشايدىكەن ھۆرۈنلارغا .

ياكى سايەڭنىڭ تايىنى يوق ،
ۋە ياكى يوق مېۋە ــ چېۋەڭ .
تىترەپلا تۇرىسەن غال ــ غال .

روزىغارىمغا دىڭگەك بولمىساڭ ،
ياكى نەۋرەمگە شۇمەك بولمىساڭ .
نىچۈك ماختاي سېنى مەجنۇنتال .

1984 ــ يىل سېنتەبىر

## ✻ كونا دوستۇمغا ✻

نەچچە قېتىم سىراج كۆۋرۈكتىن ،
ئۆتۈشكەنتۇق بىللە ياندىشىپ .
يېتەكلەشكەن بوران ـ چاپقۇندا ،
قالمىغانتۇق يولدىن ئادىشىپ .

بىر نان بولسا بۆلۈپ يېيىشكەن ،
ئالماشتۇرۇپ كىيىم كىيىشكەن .
جەڭگاھلاردا ئوت دېڭىزىغا ،
ھۇررا توۋلاپ بىللە كىرىشكەن .

يانپېشىڭغا ئوق يېگەن چاغدا ،
يۈدۈپ ماڭغان ئىدىم يىراق يول .
ئۇرۇش تۈگەپ سەپتىن چېكىنىپ ،
يۇرتىمىزغا كەلگەنتۇق ئۇدۇل .

قىسمەت دېگەن شۇنداق ئوخشايدۇ ،
سەن باشلىق بولدۇڭ مەن ئاددىي كادىر .
نامىڭ سېنىڭ ماجۇجاڭ بولدى ،
مېنىڭ بولسا يەنىلا سابىر .

ئېسىڭدە بولسا نامۇ شەرىپىم ،
مېنى بىر قېتىم يوقلاپ قوي ئاداش .
ناۋادا ئېسىڭ قۇرىغان بولسا ،
مەيلى ئاتا ۋە مېنىمۇ يولداش .

ئون يىلدىن بۇيان يوقلاپ قويمىدىڭ ،
بەش قېتىم ياتتىم دوختۇرخانىدا .
ئۆتكەننى ئۇنتۇش نومۇس ئەمەسمۇ ،
سەنمۇ يۇرمەسسەن « ئۆلمەس » خانىدا .

1985 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ❋ ئۇيغۇر قىزىغا ❋

قۇشنىمىزنىڭ كۆك كۆز قىزى كەتتى ئۇزاپ ،
ئاينى قىلدى ئۆتەك ، مارس سەيلىگاھى .
ئۇيغۇر قىزى تاشلىغۇەتكىن پەرەنجەڭنى ،
جاراڭلىغاي كۆكتە ئۇيغۇر پەنجىگاھى .

ئۇلۇغ غايە چىڭ ئىرادە تىكلىگەنلەر ،
بولالايدۇ ئىلىم - پەننىڭ ئەۋلىياسى .
قولغا ئالغىن تىلسىماتلار ئاچقۇچىنى ،
ئەيلە پەرۋاز بۇ ئەجدادلار ئىلتىجاسى .

چىلىنماقتا ئىسلاھاتنىڭ چوڭ نەغمىسى ،
كەڭ ئېچىقلىق ئەمدى جەڭنىڭ كەڭ سەھنىسى .
چىللىماقتا بىزنى كۆكتە ئاي - قۇياشلار ،
قىزىتايلى كائىناتتا توي بەزمىسى .

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر قىزى قاناتلىنىپ ماڭ ئالدىدا ،
ساڭا بەخت يار بولالماس دالدىلاردا .
بىلىم بىلەن زىننەتلىسەڭ بارلىقىڭنى ،
شەرەپ ساڭا ياندىشىدۇ چىلىشلاردا .



## * ئالدامچىلار *

ئەزەلدىن ھۇنىرى شۇ شەيتان دېگەننىڭ ،
ئوقۇماي يالغاننى توقۇيدىغىنى .
ھە ، دېسە ئۆزىنى خورازدەك ساناپ ،
ياۋاشنى مېكىيان دەپ چوقۇيدىغىنى .

ئىت ئىدى مىجەزى ، خۇي پەيلى ئۇنىڭ ،
غاجىلايتتى ئادەمنىڭ ئۇستىخىنىنى .
ئادەمگە ئوخشىمايتتى مېڭىش - تۇرۇشى ،
تۇلكىدەك ھىجىيىپ گوللايدىغىنى .

خۇشامەت بابىدا « پىر ئالىم » ئۆزى ،
يېشىنى ئېقىتىپ يالايدىغىنى .
تويغۇچە بەرسەڭمۇ ئۇنىڭغا يېمەك ،
دىۋانە مىجەزلىك تىلەيدىغىنى .

شەيتاندەك ئالدايدۇ ئادەمنى بەرھەق ،
جىسمىدىن ياخشىلىق تاپماق ئىدى تەس .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇچراپلا قالسا يولۇڭدا ئەگەر ،
سېنى شۇئان باسار ئىمدى نەس .

شەيتاننىڭ ئۆزىلا تۇرغان ــ پۇتكىنى ،
قىشىڭغا يولاتما مۇنداق تۈلكىنى .
ھەجايسا ئالدىنىپ قىلتاققا چۈشسەڭ ،
دوزاخنىڭ ئازابى تەييار شۇل كۈنى .

لەنەت ! ئالدامچى ، كاززاپ ، ھىيلىگەر ،
تۇتۇۋالدۇق ئەمدى سېنىڭ قۇيرۇقلىرىڭنى .
ئىشلىمەيدۇ ھۈنەرلىرىڭ كاسات بازاردا ،
ئوڭشىمىساڭ ساڭا كۈن يوق قىلىقلىرىڭنى .



## ❋ يار دېگەن ❋

بارمىدۇر جەننەت دېگەننىڭ لەززىتى ،
يار لېۋىدىن شۇمىگەن زەمزەمچىلىك .
بەزىلەر ئالتۇننى بەختىم دەيدىكەن ،
تەڭ ئەمەس ئۇ يارنى بىر سۆيگەنچىلىك .

ئوت دېڭىزى دەيدىكەن دوزاخنىمۇ ،
دەھشىتى ھېچ تەڭ ئەمەس كۆيگەنچىلىك .
چۆل - باياۋان يالقۇنى كۆيدۈرسىمۇ ،
ئىشق ئوتى ئالدىدا ئۇ بىردەمچىلىك .

پانىي ئالەم ھەممىگە ئۆتەڭ ئىكەن ،
چېتىنى كۆرسەڭ كىچىك ئالىقانچىلىك .
ھەممە ئىش باقىدا بولماق ئاڭلىساق ،
شۇندا ئىچ ، جامى ئىكەن سايرامچىلىك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يار دېگەن شۇنداق نېمە ئۆلمەيدىغان ،
تاشلىساڭ دوزاختىمۇ كۆيمەيدىغان .
ياشىساڭ بىللە ياشا يارىڭ بىلەن ،
دوزىخدۇر پەملىسەڭ بويتاقچىلىق .



## ❋ بايرامدا ❋

تۇمەنمىڭ بەيگىچى چۇشتى مىنىپ تۇلپارغا بايرامدا ،
قىزىپ كەتتى جىمى ئىنسان قىلىپ داغدۇغا بايرامدا .
چېچىلدى گۇل ـ بېزەك قاردەك ئۇچۇپ ساماغا بايرامدا ،
تۇزۇلدى سەھنە ، سەپ ، مەيدان چەۋەندازلارغا بايرامدا ،
ۋاقىتنىڭ ئالدىدا ماڭغان چېۋەر ئىشچانغا بايرامدا .

ئۇزۇن يىل قاغجىراپ ياتقان دەرەخلەر باشقىدىن كۆكلەپ ،
كىرىپتۇ مېۋىگە ئەمدى ، بېرەر ئۇ مېۋىسىن كۆپلەپ .
يېڭى دەۋران قەلەم بەرگەچ ، ياماننى پاش قىلىپ سۆك دەپ ،
بىلىمنىڭ كانىدىن ھېكمەت سىرىنى ھەر كۇنى ئاچ دەپ ،
بېرەر نىشان ، قىلار خىتاب ئۇلۇغ نىشانغا ، بايرامدا .

قولۇم كۆكسۇمدە ھۆرمەتتە قىلاي تەزىم ئۇلۇغ بايرام ،
پەلەككە ياڭرىغان سۇناي بىلەن ناغرا گويا قاينام .
قولۇمدا لىپمۇلىق تۇرسا شاراب جامى —— گۇزەل سايرام ،

ئىچىپ مەينىڭ شۇ پەيزىدە مۇقامغا مەنمۇ جۆر بولسام ،
چۇشەر بۇندا قېرى ـ ياشلار كۇلۇپ ساماغا ، بايرامدا .

1989 ـ يىل يانۋار



## ❁ كەلسەڭ ❁

شادلىقىدا ماي ئېيىنىڭ تولدۇرۇپ جام تۇتاي كەلسەڭ ،
ناغرا ـ سۇناي ناۋاسىغا چۇشەي ئويناپ ، كۈلۈپ كەلسەڭ ،
ئۇتۇقلار جەۋھىرىن تىزدىم ، تاقاي كۆكسۇڭگە سەن كەلسەڭ ،
قولۇم كۆكسۇمدە ھۆرمەتتە قىلاي تەزىم بۇگۇن كەلسەڭ ،
نىچۇن شاد بولماي غەلىبىدىن ـ غەلىبىگە يول ئېلىپ كەلسەڭ .

پەسىللەرنىڭ ئەركىسى ، باھار پەيزىنى سۇرۇپ كەلگىن ،
ئېلىمگە قەست قىلار ياۋنى قىلىچ بىرلە سۇرۇپ كەلگىن .
تىلسىمات بۇ جاھاندىن ئالتۇن ـ گۆھەرنى سۇزۇپ كەلگىن ،
بويۇمغا مارجىنىم بولغايكى يۇلتۇزلار ئۈزۈپ كەلگىن ،
مۇھەببەتنىڭ تاجىنى سۇنارمەن سەن سۇبھىدە كەلسەڭ .

مېنى دىلدىن دىسەڭ يارىم — ئېلىمنى گۈللىگىن پەندە ،
يولۇڭغا ئۇمىدتە باققان كۆزلەرنى قويمىغىن غەمدە .
مۇھەببەت چۆلدە چاڭقا ، تەمەخورنىڭ سۇيىن ئىچمە ،

جىنىڭدىن مەيلى كەچكىنكى ۋەتەندىن ئەبەدىل كەچمە ،
يېتەرسەن ئاقىۋەت مەقسەت ـ مۇرادقا ئامرىقىم كەلسەڭ .

بۈگۈن توي بەزمىسى قۇردۇق ، مانا مايتاغدا ، گۈلشەندە ،
پەلەككە يەتتى شادلىقنىڭ ناۋاسى ـ نەغمىسى بىزدە .
باھاردا باشلىغان تويىنىڭ مەشرىپى تېخى كۆزدە ،
شەرەپتىن تولدۇرۇپ ئىچەرمىز تويلۇق جامىنى بىللە ،
بۈگۈنكى بۇ كۆڭۈللۈك شاد ساماغا ئۇلگۈرۈپ كەلسەڭ .

بۈگۈن ماي بايرىمى دوستلار ، سىخلار جەڭدە بەس ـ بەستە ،
بۇ نەزمەم تۆھپىكارلارغا سۇنۇلغان زەررە گۈلدەستە .
قەلەم گال ، پەملىرىم چاغلىق ، قوشاق يېزىلدى مىڭ تەستە ،
بۈگۈنكى شاد ـ خوراملىقتا نىگارىم كەلگۈدەك سەپكە ،
ئىناقلىق سازىنى چالدىم ، مۇقامنى تۈزلىغاچ كەلسەڭ .

1989 ـ يىل ماي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## * سوۋغا *

كۆتۈرۈلدى ئەۋجىگە چىلىنىپ ناغرا ،
كەپتۇ بۈگۈن يېڭى يىل، بايرام مۇبارەك .
ھەممە يەردە ساز ـ ناخشا غەلىبىنى قۇتلاپ ،
ئۇتۇقلاردىن ـ ئۇتۇقلا بەرگىنى دېرەك .

بەيگە سالدۇق ۋاقىت بىلەن بەسلىشىشكە ،
ئاستىمىزدا مىنگىنىمىز دۇلدۇل بىزنىڭ .
كىم دېسەڭ بىزنى جۇڭغاردىكى « مەرۋايىت »
كۆزلىرى بىزدە ئەمدى ھۆر ـ پەرىنىڭ .

بەيگىدە يىل ئارقىمىزدا قالدى ئەمدى ،
بەكمۇ مۇشكۇل ئۇنىڭ بىزگە يېتىشمىكى .
بىز تۇرساق سەپ ئالدىدا نەرە تارتىپ ،
يىلغا تەستۇر باش ـ بۇرنىغا ئېلىشمىكى .

كەلگەن بوگۈن يېڭى يىلىم كېچىكسەڭمۇ ،
كۆكسۈڭگە قىزىلگۈلدىن تاقاي ئۈنچە .
بەيگىدە يەڭگىنىمنى ئالەمگە ئېيت ،
ئەجرىڭدىن سەنمۇ ئەلدىن ئال سۆيۈنچە .

مايتاغ روھى ئۇرغۇتتى كۈچ ـ مادارىنى ،
ياڭراتقاچقا يېڭى كۈيگە ساتارىنى .
شىمايلاپ يەڭنى چىقتى جەڭگە باتۇر ،
ئاشۇرماقچۇن يەنە نۇرغۇن پىلانىنى .

روزىغارىم دەيدۇ مەردلەر زاۋۇتىنى ،
ئايانمايدۇ ئىشلىگەندە بار كۈچىنى .
ھەر يېڭى يىل كەلسە يوقلاپ دىيارىمغا ،
چېكىسىگە قىسىپ قويار سوۋغىتىنى .

كەل يېڭى يىل كېچىكسەڭمۇ خۇشلىقىم كۆپ ،
مەرۋايىتىم سوۋغا بولسۇن كەلگىنىڭگە .
مايتېغىمنىڭ ھۆرمەت بىلەن سالىمى كۆپ ،
ئالغا ئۇندەپ بىزگە مەدەت بەرگىنىڭگە .

1990 ـ يىل يانۋار



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

## ❃ دېھقان قىزىمەن ❃

كۆزۈڭنى ئويىنىتىپ قېشىڭنى ئاتما ،
قۇرۇق گېپىڭنى ئەگىتىپ ساتما .
مېنى چىن سۆيسەڭ ، ئۆگەن ـ ئىجاد قىل ،
ھۇرۇنلۇق قىلىپ سايىدا ياتما .

ئالتۇن ـ كۈمۈشكە رايىم يوق مېنىڭ،
قەلبى ئالتۇندەك بولسىلا بولدى .
ئەتلەس ـ شايىغا مەيلىم يوق مېنىڭ ،
مۇھەببىتى ساپ بولسىلا بولدى .

قۇرۇق گەپ بىلەن خۇشۇم يوق مېنىڭ ،
ھۇرۇنغا سۇنار قولۇم يوق مېنىڭ .
باغقىلا شەرەت قىلىۋەرمىگىن ،
راستىنى دېسەم چولام يوق مېنىڭ .

www.uyghurkitap.com

دېھقان قىزىمەن جەڭ پەرۋانىسى ،

ئىشچان يىگىتنىڭ خۇش جانانىسى .

ساپ مۇھەببىتىم شۇنىڭغا تالىق ،

ئەلگە تونۇلسا ئىش ـ جەڭنامىسى .

1991 ـ يىل مارت

## * تىلىكىم *

سالام دەيمەن ساقلىق تىلەپ ھەمىشە ،
سالامەتلىك ئۆلۈغ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن .
بىراق بولماس قۇتۇلغىلى ھەر زامان ،
يەتتە كەتمەن توپا تاشلاپ كۆمۈشتىن .

ساغلام ئۆتسە بىر كۈنىمىز بەخت شۇ ،
نە كېرىكى بىزگە غەمنىڭ ، خىيالنىڭ .
كۈلكە بىلەن تۇغۇلغانغۇ ھەممىمىز ،
كۈلۈپ ياشا ، تىلىكى شۇ خۇشالنىڭ .

كېسەل بولساق ساقىيىمىز بىر كۈنى ،
ئامالغۇ يوق تۇگىگەندە رىسقىمىز .
قانچە يىللاپ يىغلىساقمۇ بەربىر ،
ياڭراپ تۇرسا خۇش بولاتتىم كۈلكىمىز .

1992 ـ يىل يانۋار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ❁ ۋەدەڭدە تۇرالامسەن ❁

قۇياش پارلاپ ئۇستۇمدە ،
چاقنار مېدال كۆكسۇمدە .
ئورۇندىسام شەرتىڭنى ،
تۇرالامسەن سۆزۈڭدە .

« ئەلگە بولساڭ ۋاپادار ،
سۆيگۇنۇمسەن دېگەنتىڭ .
ئوردېن كۆرسەم كۆكسۇڭدە ،
كۆيگىنىمسەن دېگەنتىڭ ».

قالاقلىقنى مەن تاشلاپ ،
ئىشنى ئارتۇق ئورۇنداپ .
تەر بىلەن گۈل ئېچىلدى ،
كۆكسۇمدە نۇرلار چاقناپ .

خەلقىم ئۈچۈن قەنت بولاي ،
سەنمۇ بولغىن ساپ ھەسەل .
كەمىرىڭنى چىڭ باغلاپ ،
يارىم دېسەڭ ئەمدى كەل .

1992 ـ يىل يانۋار



# * باركاللا قاسىم ئىمىن *

( قاراقاش ناهيه زاۋا يېزىسىدىكى دېھقان قاسىم ئىمىن 100 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ مەكتەپ سالدى ... گېزىت خەۋىرى )

قاسىم ئىمىن پۇلنى ئاسان تاپقانمىدۇ ،
دەپ قالىسەن ياردىمىنى ساناپ بېقىپ .
بىر چىرايلىق مەكتەپ ساپتۇ ئۆز يۇرتىغا ،
ئىلھام ئاپتۇ باشقىلارمۇ دەڭسەپ بېقىپ .

قاسىم ئىمىن باشلىغان يول كېڭىيىپتۇ ،
ھەر تەرەپتىن ياردەم قوللار سۇنۇلۇپتۇ .
بىردەمدىلا ھە ـ ھۇ بىلەن ئەل قوزغىلىپ ،
« مەكتەپ » دېگەن داستىخان پۇلغا كۆمۈلۈپتۇ .

باركاللا ! قاسىم ئىمىن غەيرىتىڭگە ،
باركاللا ! مەرپەتچۆن ھىممىتىڭگە .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالەمچىدۇر خۇشلىقىمىز ، رەھمىتىمىز ،

ئەلگە ئاتا قىلغان ئۇلۇغ خىسلىتىڭگە .

1990 ـ يىل



# ❃ مانا بىز كوممۇنىستلارمىز ❃

مانا بىز كوممۇنىستلارمىز ،
مۇشكۇلنى گەجگىگە ئارتىپ ،
ھەر جەڭدە نەرە تارتىپ ،
ئالغىدىن ـ ئالغىغا ئاتلاۋاتىمىز .
ھەر كۈنى يىلغا تەڭ نى ـ نى ئىشلارنى
قەۋەت ـ قەۋەتلەپ قاتلاۋاتىمىز .
خىرىس قىلىپ تۇرسا دۈشمەنلەر ،
كۆزىن ئالايتىپ ،
ۋەتەننى كۆزىمىزدەك ساقلاۋاتىمىز .
تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ ،
كۈچىمىزگە تولۇپ ،
« قوزغال ! » نى «ھۇررا ! » غا ئۇلاۋاتىمىز .
بۆلگۈنچىلەرنىڭ
تاناۋىنى تارتىپ ، ئوڭلاۋاتىمىز .
ھەئە بىز شۇنداق
قەھرىمان نەسلى ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشىنىڭ ئېغىرىدىن قاچمايۋاتىمىز .
ئاپتاپتىن سايىغا ،
سوغۇقتىن ئىسسىققا قېچىپ
يۇرمىدۇق بېزىرىپ ،
يوللارنى تۈزلەپ ،
بەللەرنى رۇسلاپ ،
جاھىللارنى كۆمپەيكۈم ئەيلەۋاتىمىز . . .
ھەر قېتىم بەختنى كۆرسەك ،
خۇش بولۇپ كۈلسەك ،
يېڭى بىر دۇنيا
يېڭى بىر جەننەت ياساۋاتىمىز .
بولغاچ سانسىز جاۋيۇلۇلار ،
تۆمۈر ئادەملەر ، ۋاڭ گۇاڭرۇڭلار ،
جۇڭگولۇق بەختىيار ياشاۋاتىمىز . . .

1991 ــ يىل سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## * مەرھابا ، سابا *

سابا بىلەن تەڭ ئويىنىشىپ كۆڭلۈم ،
كەتتى قوغلىشىپ يىراق ـ يىراققا .
سىيپاپ گۈزەلنىڭ مەڭزى ـ چېچىنى ،
سالدى تۈگمەس ـ ئۆچمەس پىراققا .

ھەر تاڭ ساباسى ئويىنىشار شوخ داق ،
كۆڭۈلگە سىڭىپ خۇلقى سىيماسى .
نۇردىن تۆرەلگەن چوغدەك يۈرەكلىك ،
تۈگەمدۇ قىزنىڭ دەردۇ نىداسى .

مەرھابا سابا ، باغرىمدا يانغىن ،
كۆل ـ چۆچۈلا بولاي تارتسام مەيلى دەرد .
نېفىتچى قىزنىڭ بولاي قۇربانى .
ئوغۇل تۇغۇلدۇم ، ئۆلەي بولۇپ مەرد .

شەرتىنى دېمە ، بىلدىم كۆزىدىن ،
تەر بىلەن چۆلنى قىلسام گۈلىستان .
تۇرۇبا كۆتۈرگەن دولامغا ياندىش ،
كېلەر مايتاغقا يايرىم گۈلبوستان .

1991 ـ يىل

## ❁ ئاق خالاتلىق پەرىشتەم ❁

تالاي بىمار تاپتى شىپالىق ،
قوللىرىڭدىن ئاپئاق پەرىشتەم .
كېسەللەرگە ئۈمىد ئاتىدىڭ ،
كۆڭۈللەرنى قىلىپ خاتىرجەم .

يېرىم خۇدا ، دېسە بوۋايلار ،
پەرىشتىكەن ، دەيدۇ مومايلار .
تۆككەن ئەجىر – مېھنەتلىرىڭدىن ،
ئامان قالدى تۈمەن نىمجانلار .

مەيلى تۈنۈش مەيلى ناتونۇش ،
شىپايىڭ بار بىمار بولسىلا .
راھەت سېزەر ئىللىق مېھرىڭدىن ،
كېسەل تارتىپ ئىڭرىغان جانلار .

كۆرمەسلەرنىڭ ئېچىلدى كۆزى ،
گاچىلارنىڭ سايرىدى تىلى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

سەن كۆيۈنۈپ داۋالىغاچقا ،
شىپا تاپتى يايرىدى دىلى .

ساڭا دىلدىن ئاشتى مەدھىيەم ،
ئاق خالاتلىق گۈزەل پەرىشتەم .
تىنىقلىرىڭ خىزىر تىنىقى ،
ۋۇجۇدۇڭغا هايات مۇجەسسەم .

1992 ـ يىل



## ✽ قىسمەت ✽

كىچىكىمدە ئەجەب چاققان بالا ئىدىم ،
يېتىشەلمەي شاماللارمۇ ئاھ ئۇراتتى .
ناخشا ئېيتسام ئاۋازىمنىڭ زىلىلىقىدىن ،
بۇلبۇللارمۇ جىم بولۇشۇپ ئاڭلىشاتتى .

قىرىغاندا باسىدىكەن پالاكەتلەر ،
تۈز يولدىمۇ ماڭالمايمىز ئالچاڭلىشىپ .
ئاۋازىمىز غاراڭ - غۇرۇڭ ھەم ئىگىز - پەس ،
قالىدىكەن كۆلكىلەرمۇ شالاڭلىشىپ .

يىراق ئىكەن ياش - قىرىنىڭ ئارىلىقى ،
تۇرغان بىلەن ئارغامچىسى چىڭ ئۇلاقلىق .
قىيامەت تەقدىرى ئوخشاش ھەممىگە ،
قەبرىمىز تۇغۇلغاندىلا كولاقلىق .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئادەملەر ھاياتى قىسمەتكە تولغان ،
كۆلكىگە يۆگىنىپ ياشايدۇ ماتەم .
بەك ئۆزۈن بولسىمۇ ھايات سەپىرى ،
سائىتى توشقاندا جىم ئىكەن ھاتەم .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## ❁ بالام بولساڭ ❁

بالام بولساڭ ئەلگە سادىق ، ئەل سۆيەر پالۋانى بول ،
قىپقىزىل بايراقتا مەڭگۈ ساپ يۈرەك ـ پەرۋانە بول .
دوستلىرىڭ ، تەڭتۇشلىرىڭنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ ،
هالال بولغىن ، هارام بولما ، مەرد كەبى ئوغلانى بول .

بالام بولساڭ يۆلەپ قويغىن يىقىلغاننى ،
دەرد ـ ئەلەمدە يۈرەك ـ باغرى چىقىلغاننى .
گۈزەل ئەخلاق نۇر چاچىدۇ چىرايىڭغا ،
ئىلىم ـ پەنگە يېتەكلىسەڭ نادانلارنى .

بالام بولساڭ مۇشكۇلاتتىن ۋايساپ قاچما ،
ئىناقلىقتا باغلا دىلنى ، زەهەر چاچما .
تىلى هەسەل ، دىلى زەهەر خۇمپەرلەرگە ،
ئەگمىگىن باش ، ئالاي ئاڭا ، چىراي ئاچما .

بالام بولساڭ خىروئىن هەم نەشىنى چەكمە ،
هالال ئىدىڭ هالال ياشا ، يالغاننى ئەشمە .

قىمارۋازنىڭ تاۋكاسىدىن ئەيلىگىن ھەزەر ،
تامىقىنى يېدىڭ ئەلنىڭ قازىنىنى تەشمە .

« ئانا رازى ـ خۇدا رازى » دېگەن گەپنىڭ ،
مەنىسىنى چۈشەن بالام ، ۋەتىنىڭنى سۆي .
بىر دەقىقە ئايرىلمىغىن ئەلدىن ـ ۋەتەندىن ،
توغراق مىجەز يىگىت بولۇپ ماكانىڭنى سۆي .

ياخشى بولساڭ ، ياخشىلارنىڭ بىر گۈلى دەيمەن ،
جەننەتسىمان يۇرتىمىزنىڭ بۇلبۇلى دەيمەن .
يۇدۇۋالساڭ ئىللەتلەرنى ھەرگىز تاشلىماي ،
نامىزىمدا قارغاپ ، ئەلنىڭ خۇمپىرى دەيمەن .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# * تورپان تەسىراتلىرى *

## تۇرپاننى كۆزلەپ

باشلاندى سەپىرىمىز تۇرپاننى كۆزلەپ ،
دوستلار تەڭ تاشلىدۇق قەدەمنى بىردەك .
يالقۇنتاغ ، بۇيلۇقنىڭ هاۋاسىدىن ،
يۇتارمىز قانغۇچە يۈرەك قانغۇدەك .

يالقۇنى بەك قىزىق دەيدۇ بەزىلەر ،
يالقۇنتاغ قىزىنىڭ قەلبىنى ماختاپ .
شۇ ئوتتا بىر كۆيۈپ باقسامغۇ مەيلى ،
كۆزلىرى چولپاندەك تۇرسىمۇ چاقناپ .

داڭقىنى ئاڭلىغان تۇرپان دېگەننىڭ ،
كالپۇكى يېپىشارمىش ئۈزۈم يېگەننىڭ .
شۇ تاتلىق ئۈزۈمنى ئۆستۈرۈپ باققان ،
مەيلىدى كۆيئوغلى بولسام دېھقاننىڭ .

2002 _ يىل ئاۋغۇست

## تۇرپانغا بېرىپ

بىر قىسما بولۇپ قالدىم ،
ئۆزلەنى كۆرگەندىن بېرى .
گالدىن ئۆتمەيدۇ تاماق ،
ئۆزلەگە كۆيگەندىن بېرى .

جىمى دوزاختا كۆيمەپتىم ،
ئوتلىرىدا بەدەن چوغ .
ئەزرائىل گاداي كەلگىن ،
جاندىن تويدۇم گالنى بوغ .

لۇكچۇن ئىدى بىر سايلىق ،
هازىر يوللىرى تەكلىك .
لۇكچۇننىڭ چوكانلىرى ،
سايرىشار بولۇپ كەكلىك .

ئامانشادا بەك قورقتۇم ،
يىلاندىن - كىرپىسىدىن .
يېتىۋالسام قويمايتتىم ،
ماۋۇقتەك كۆرپىسىدىن .

ئەمدى ھەرگىز بارماسمەن ،
كەكلىك بوزلىغان چەتكە .
بىر - ئىككى بېرىپ قالساڭ ،
قالۇرسەن ساقايماس دەردكە .

تۇرپانغا باراي دەيمەن ،
يارنى دەپ قالاي دەيمەن .
قوشىمىسا مېنى يارغا ،
قۇمۇلغا ئەپ قاچاي دەيمەن .


مەن تۇرپانغا تويمايمەن ،
تۇرپان ماڭا تويمايدۇ .
ھەر يىلى بارماي دېسەم ،
كۆڭلۈم ساراڭ قويمايدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

بېشىدا ياغلىقى يال ـ يال ،
كۆرۈپلا تىترىدىم غال ـ غال .
ئۆزۈمنى بىر ئاتاي دەپتىم ،
ئۆزەمزە ياش ئەمەس بىر چال .

2003 ـ يىل سېنتەبىر



**« تۇيۇق غوجام » غا**

سىنى كۆرمەك ئىدى ئارزۇ ،
تۇيۇق كۆردۇم مازارىڭنى .
ماشايىخلار زىكىر قىلدى ،
سىنىڭ ئاھۇ شۇ زارىڭنى .

تاۋاپ قىلغاچ ئۆتۈپ قالدىم ،
قەبرەڭدىن مازارىڭدىن .
دۇئايىم ساڭا يەتكەيمۇ ،
نەۋرەڭ ياكى ئەۋرەڭدىن .

ئۇزاپ سەندىن ئىگىلدى باش
« سىرىپ » تا ئاقتى كۆزدىن ياش .
مەندە قالسۇن نە ئارمان ،
ئۆلۈپ ياتسام ساڭا يانداش .

1992 ـ يىل ئىيۇل



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

## ❀ تۇرمۇش چاقچىقى ❀

چاقچاق بىلەن تويمىغاندا قورسىقى ،
چاقچاقلارنى چىقىپ يەيدۇ چاقچاقچى .
قاداقچىنى ئىزدىگەنلەر كەلمىسە ،
چىنىسىنى چىقىپ قادار قاداقچى .

تېپىلمىسا بۇلىغۇدەك مال – دۇنيا ،
ئۆز مېلىنى بۇلىشىدۇ بۇلاڭچى .
تاغ يولىدا كۆرۈنمىسە كارۋانلار ،
ئاتلىرىنى سويۇپ يەيدۇ قاراقچى .

جېدەل – ماجىرا بولۇپ تۇرمىسا ھەر دائىم ،
ئۆز – ئۆزىنى ئۇرار ئىكەن چاتاقچى .
گەر كەلمىسە يىرتىق ئاياغ كۆتۈرگەن ،
ئايىغىنى يىرتىپ يامار ياماقچى .

مارايدىغان ئۆي قالمىسا ئاقىۋەت ،
ئۆز ئۆيىنى مارايدىكەن ماراقچى .

www.uyghurkitap.com

ئەرز ئېيتىپ دەۋاگەرلەر كەلمىسە ،
بالىسىنى سوراقلايدۇ سوراقچى .

ساتالمىسا ئېشىكىنى بازاردا ،
سېتىۋېلىپ ئۆزى مىنەر ئېشەكچى .
ئاڭلىمىسا چالغىنىنى باشقىلار ،
ئۆزى چېلىپ ئۆزى ئاڭلار غىجەكچى .

تۇرمۇش دېگەن مانا شۇنداق چاقچاقچى ،
تۆگمەيدۇ ئەلمىساقتىن چاقچىقى .
كۈلسەك كۈلەر يىغلىغاندا يىغلايدۇ ،
تۇرمۇش شۇنداق ھاياتلىقنىڭ ئەينىكى .

1992 ـ يىل ئۆكتەبىر



## ✽ بىر ياشقا ✽

ئالىيىپ ئاناڭغا ، ئىنسانلىقىڭدىن ،
قول ئۈزۈپ بىردەمدە بولىسەن ھايۋان .
ئانىنىڭ سۈپىتى تۇرار قۇياشتا ،
ئىزلىرى ئۇنىڭ مەككىدۇر ھامان .

رازىدۇر ئانىلار ، رازىدۇر خۇدا ،
بۇ سۆزنى دەستۇر دەپ ، ئەڭگۈشتەر سانا .
مەنىلەر قامۇسى ئانا دېگەن سۆز ،
مەڭگۈلۈك دەرس ئالار ئۇندىن ھەر دانا .

ئىزدىمە جەننەتنى بولمىغىن سەرسان ،
ئۇ ئانا باغرىدا يۈز ئاچار ھەر ئان .
ئاق چاچلار تېلىدا چاقنايدۇ نۇرلار ،
ۋەسلىدە ئالتۇنغا ئۆرىلەر جاھان .

بالا بىز ، پەرزەنت بىز ، يۇمران نوتا بىز ،
ئانىغا بەك ئېسىل پەرزەنت بولىمىز .

ئۇ كۈتكەن ئۈمىدنى قولىغا بېرىپ ،
كۆكتىكى تولۇنئاي كەبى تولىمىز .

ئانىلار كۆزىگە يولاتمايلى ياش ،
ئانىلار يۈرىكى بولغاي بېجىرىم .
ئالايما ئاناڭغا ئەي نادان دوستۇم ،
كۆكلەمنى باسىدۇ ئاياز ، ئىزغىرىن .

1992 ـ يىل



www.uyghurkitap.com

## جۇڭغاردىكى مەرۋايىت

چۈشتى كۆكتىن سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ،
جۇڭغاردىكى مەرۋايىتنى كۆرگىلى .
ئاي بىلەن چولپانمۇ چىقىپ سەپەرگە ،
كەلگۈدەك ئاھ ، مەرۋايىتنى سۆيگىلى .

پۈركىدى گۈلگە بۇ جاينى تەر تۆكۈپ ،
مايتىيغىمنىڭ ھەممە چوڭى ـ كىچىكى .
مايتىيغىم تۇزدەك ياساندى زەپ گۈزەل ،
جۇڭغار ئۈزۈك بولسا ، مەرۋايىت كۆزى .

پالۋانلار بىلمەيدۇ ھېرىش ـ چارچاشنى ،
نومۇس دەپ بىلىدۇ تىرناق تاتلاشنى .
كۆڭلىگە پۈكۈلگەن ئالىي بىر نىشان ،
ئويلايدۇ نورمىنى ئىككى قاتلاشنى .

ئۈنۈمنى ھايات دەپ بىلىدۇ ئۇلار ،
بىلىمنى قانات دەپ تونۇيدۇ ئۇلار .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر قولدا كۆلۈچى ، بىر قولدا كىتاب ،
تاڭ بىلەن بەسلىشىپ ئىشلەيدۇ ئۇلار .

مايتېغىم پۇرىقى جەننەت پۇرىقى ،
بىر دەقىقە ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ پەقەت .
مايتاغلىق روھىنى ئويلىغانسېرى ،
خۇشالنىڭ ۋۇجۇدىغا تولار شىجائەت .

1992 ـ يىل

## ✽ ئەۋلادقا ✽

قىرىدۇق ، قالمىدى كۆزلەرنىڭ خۇنى ،
ئېنىق كۆرەلمەيمىز ئۇنى ـ يا بۇنى .
يىللار ئۇغرىلاپ قاچتى ياشلىقنى ،
كىرمەيدۇ قولاقلارغا بۇلبۇلنىڭ ئۈنى .

قەدىرلە ياشلىرىم قەدىرلە ئەۋلاد ،
ياشلىقنىڭ ئالتۇندىن قىممەتلىكىنى .
پەرقى يوق كېچىنىڭ ياكى كۈندۈزنىڭ ،
ئۆتەركەن مۇشۇنداق قىرىلار كۈنى .

قامغاقنى دورىمىغىن دومىلاۋېرىپ ،
تۇگەيدۇ ياشلىقمۇ كولدۇرلاۋېرىپ .
گۈزەل ئارماننى باسمىسۇن غەپلەت ،
قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق سوكۇلداۋېرىپ .

www.uyghurkitap.com

يىگىتسەن لاچىن بول ، بولمىسا بۈركۈت ،
يۈرمىگىن چۈجىدەك چۈكۈلداۋېرىپ .
ئىرادەڭ چىقمىسا ، كەلمەس ئەسلىگە ،
يۈرىكىڭ تۈگىشەر پۈكۈلداۋېرىپ .

1993 ـ يىل نويابىر



## ❀ جۇڭغار قىزىغا ❀

شۇنچە كۆپ دىلبەر ئارا ،
سىنى كۆرگەنگە ئوخشايمەن .
ئىچىمدە يانىدۇ بىر چوغ ،
ساڭا كۆيگەنگە ئوخشايمەن .

جىمى دوزاختا كۆيمەپتىم ،
ساڭا كۆيگەنگە ئوخشايمەن .
نېتەي جۇڭغار قىزى ئەمدى ،
پېشىڭگە ئېسىلاي دەيمەن .

كۆرۈپ مەيدەڭدىكى گۈلنى ،
ساڭا مىڭ ئاپىرىن دەيمەن .
خىجىللىق ئىلكىدە شۇ دەم ،
تىرىك ئۆلگەنگە ئوخشايمەن .

www.uyghurkitap.com

بىر بەستلىك يىگىت ئەردىم ،
سېغىنىپ سارغايدى چىراي .
سەنمۇ ئوتتا كۆيۈپ باقساڭچۇ ،
كۆيۈك ئوتىغا مەن قانداق چىداي .

1993 ـ يىلى

## * ئۇستاز *

قۇياش ، ئايىنىڭمۇ نۇقسانى باردۇر ،
بىزدە نۇقساننىڭ توقسانى باردۇر .
« مەنلا نۇقسانسىز » دېگەن ئادەمنىڭ ،
تاغار ـ تاغارلاپ پۇشمانى باردۇر .

هارام شاخلارنى پۇتايدۇ باغۋەن ،
ئاساس نوتىنى راۋان ئۆسكەي دەپ .
ئۇستاز تۈزەيدۇ نۇقسانلىرىڭنى ،
ئوبدان ئەمەسمۇ « ئادەم » قىلاي دەپ .

كۆرستىپ بەرسە ئېۋەنلىرىڭنى ،
ئەگكىن بېشىڭنى ، ئۇ ساڭا ئۇستاز .
كۆڭلۈڭدىكى داغ ، مۇز ئېرىسە ،
نۇرلىنىپ كېتەر دىلىڭ بولۇپ ياز .

www.uyghurkitap.com

ئوڭ قولۇڭنى كۆكسۈڭگە قويغىن ،
ھەر بىر دەقىقە كۆرۈنسە ئۇستاز .
ئاتاڭ ئۇستازدۇر ، ئاناڭمۇ ئۇستاز ،
ئۇستازلار بىلەن ئۆمرۈڭ باھار ، ياز .

1993 ـ يىل ماي



# ❁ ئانامخان ❁

ئانامخان ئوغلۇم دېمە ، جەڭلەردە پالۋان بولمىسام ،
ھەر قىيىن مۇشكۇل جاپانى يەڭمىسەم ، مەرد بولمىسام .
پەپىلەپ ئاق سۈت بېرىپ باغرىڭدا چوڭ قىلدىڭ مېنى ،
بولمىغاي قەرزىم ئادا كۆكسۈڭگە قالقان بولمىسام .

تەرۇ ئەجرىمدىن دىيارنى گۈللىمەك بەختىم مېنىڭ ،
نە يىگىتمەن شان قۇچۇپ دىللاردا داستان بولمىسام .
بەختى — تەختىم ئەل — ۋەتەننىڭ قايغۇسى قايغۇم مېنىڭ ،
نە ھايات ، مەن ئەل بىلەن بىر تەنۇ بىر جان بولمىسام .

ئانامخان خىسلەت غۇرۇرۇڭ مەڭگۇ ئۆرنەكتۇر ماڭا ،
مەن بولاي تۇزكور ساڭا چىن سادىق ئوغلۇڭ بولمىسام .
چال خۇشال سازىڭنى ئەمدى ، ياڭرىغاي ئاۋازلىرىڭ ،
بۇ كۆڭۈل بولمامدۇ يېرىم ئەل بىلەن تەڭ كۈلمىسەم .

1995 — يىل

# * نەۋرىلەر *

يىمىسەكمۇ يىگۈزۈپ ،
كىيمىسەكمۇ كىيگۈزۈپ .
قاتارغا قوشساق ئاخىرى ،
بىزنى باقارمۇ نەۋرىلەر .

ئۆشنىمىزگە مىندۈرۈپ ،
ئەركىلىتىپ ، كۈلدۈرۈپ .
چوڭ بولغاندا بىر كۈنى ،
يوقلاپ قويارمۇ نەۋرىلەر .

ئۇسسىغاندا سۇ دېسەك ،
زەمزەم بېرەرمۇ نەۋرىلەر .
يىقىلساق يۆلەپ قويۇپ ،
سىلاپ قويارمۇ نەۋرىلەر .

ئەركىلەتتۇق ، كۈلدۈردۇق ،
يىغلىغاندا كۆتۈردۇق .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەته ـ ئۆگۈن باسسا غەم ،
بىر كۆلدۈرەرمۇ نەۋرىلەر .

نەۋرە دېگەن قەنت ـ ناۋات ،
بالا بولغاچ ئۆي ئاۋات .
ئاشۇ ئاۋات ئۆيلەردە ،
دائىم بولارمۇ نەۋرىلەر .

ئوخشىغاچ چىرايىمىز ،
بولامدىكىن سايىمىز .
سايە بولۇپ ئايازدا ،
سەگىتەرمۇ نەۋرىلەر .

يولدا هارساق دۈمچىيىپ ،
يۆلەپ قويارمۇ نەۋرىلەر .
ئۆچەي دېگەندە ئوتىمىز ،
پۈۋلەپ قويارمۇ نەۋرىلەر .

1996 ـ يىل ئىيۇن

## سەن كېلەمسەن ـ بارايمۇ ؟

( بىر قىز ئاغزىدىن )

ئىشقى ئوتۇڭ ئۆرتەپ قالماي ماجالىم ،
يازدىم قوشاق بولماي باشقا ئامالىم .
سەن كېلەمسەن ، بارايمۇ يار كۆرگىلى ،
چىدىمىدىم ، بولالمىدى بۇ ھالىم .

چۆلدە ئىشلەپ باغ ياساپسەن ئاڭلىسام ،
گۈللىرىڭنى يۈرىكىمگە تاڭمىسام .
قانداق قاناي دىدارىڭغا ئامرىقىم ،
ماي بويۇڭغا گىرە سېلىپ ماڭمىسام .

ئىش ئالدىراش كېلەلمىسەڭ مەن باراي ،
كۆرگۈم كەلدى ، ئالدىمغا چىق خۇشچىراي .
كاچالكىدا سەن ئىشلىسەڭ ، قېشىڭدا ،
مەن ئولتۇرۇپ پىيالەڭگە چاي قۇياي .

1998 ـ يىل يانۋار



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## * مايتاغ قىزى *

مايتاغ قىزى سۇمبۇل چاچلىق ، گۈلنىڭ ئۆزى ،
مايىبۇلاقنىڭ نەق ئۆزىدۇر ئويناق كۆزى .
شېرىن ـ شەربەت تېمىپ تۇرار سۆزلىرىدىن ،
بەك مۇلايىم ، نازاكەتلىك ئايدەك يۈزى .

سېختا كۆرسەڭ قىلىشمايدۇ يىگىتلەردىن ،
قولى چىۋەر ۋايىسمايدۇ چىگىشلەردىن .
ئەقلى ـ ھوشى بىر نۇقتىدا ئىش بىلەن بەند ،
قىزىل بايراق تالىشىدۇ يېڭىشلاردىن .

پەدەز بىلەن ھېچ خوشى يوق ئوماقلارنىڭ ،
كار قىلالماس كۆچى ھەرگىز سوغۇقلارنىڭ .
تېشى قانداق بولسا ، ئىچى شۇنداق گۈزەل ،
كاسات بۇندا بازارلىرى بوياقلارنىڭ .

بەزمىلەردىن ئايرىلسىمۇ چىدار كۆڭلى ،
بىراق ھەرگىز ئايرىلالماس كىتابلاردىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن پەن ـ ھۈنەرگە ،
كۆڭلى يىراق ئالتۇن ـ كۈمۈش بېساتلاردىن .

كوچىلاردا ماڭسا قىزلار خۇددى گۈلدەك ،
ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدۇ يىگىتلىرى .
قىز كۆڭلىگە قانداق پاتار ، شۇنچە خۇشلۇق ،
بەخت بىلەن ئۆتەر شۇنداق مىنۇتلىرى .

باركاللا مايتاغ قىزى بولغىنىڭغا ،
ياخشىلارنىڭ قىزى بولۇپ تولغىنىڭغا .
تەرىك بىلەن گۈلگە ئورا مايتېغىڭنى ،
شېئىرىم بىلەن گۈللەر چاچاي يوللىرىڭغا .

1998 ـ يىل



## ❀ ئانىلار تەرىپى ❀

ئانىلار قەھرىمان ، ئانىلار ئۇلۇغ ،
ماڭغاندا يوللارمۇ ئېچىلار يال ــ يال .
ئانىلار بولمىسا نەدىكەن ئالەم ،
نەدىكەن بالىلار ھەتتا قېرى چال .

ئانىلار قولىدا تەۋرەيدۇ بۆشۈك ،
بۆشۈك بىلەن تەڭ تەۋرەيدۇ ئالەم .
ئانىلار قىممىتى ئەۋلىيادىن چوڭ ،
ئانىلار بولمىسا بولامتى ئادەم .

ئانىلار توۋلىسا تىترەيدۇ دۇنيا ،
ئۆرلىسە غەزىپى تاغلار تۈزلىنەر .
ئانىلار رەنجىسە ناۋادا بىر رەت ،
شاھنىڭمۇ شۇ ھامان بېلى ئېگىلەر .

زامانىنىڭ ئاخىرى دېسەك بولىدۇ ،
ئانىنى خارلىسا بالا دېگەنلەر .

ھەر ئىككى ئالەمدە كۆكلەيدۇ بەختى ،
ئانىنى قەدىرلەپ ئانام دېگەنلەر .

ئانا بولغاچقا ئالەممۇ گۈزەل ،
تەبىئەت ، مۇھەببەت ، ئادەممۇ گۈزەل .
ئانا بولمىسا ، بولماس مۇھەببەت ،
ئانا بولغاچقا يۇرت ـ ماكان گۈزەل .

قەلبىمىز تۆرىدە ئانىلار قۇياش ،
قۇياشلىق ھاياتنىڭ تەمى ئۆزگىچە .
قۇياشسىز كۆزلەردىن دائىم ئاقار ياش ،
ئەلەملەر ھۆكۈمران ئاڭا ئۆلگۈچە .

ئانا قارغىشى ئوق دېگەن گەپ بار ،
ئانىنى قاقشاتقان قالار چاتاققا .
قەيەردە ئانىلار خارلانسا بىر كۈن ،
ئايلىنار شۇ ھامان ئۇ يەر دوزاخقا .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاننى خۇش قىلىپ ئۆتسەڭ بىر ئۆمۈر ،
گۈللەيسەن ۋە لېكىن قىلمىساڭ مىننەت .
جەننەتنى يىراقتىن ئىزدىمە نادان ،
ئاناڭنىڭ تاپىنى ئاستىدا جەننەت .

ئاناڭنىڭ قەلبىنى ئىللىتالىساڭ ،
جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ كەڭ .
ئاناڭنى كۈلدۈرۈپ ياشنىتالىساڭ ،
مىڭ قېتىم ھەرەمگە ئاپارغانغا تەڭ .



www.uyghurkitap.com

## * يامانغا بولما يانتاياق *

خەلق سالام قىلسا ساڭا ،
ئاڭلىماي كەتتىڭ قاياق .
رەڭگى روھىڭ سارغىيىپ زەپ ،
ئۆلگۈدەك يەپسەن تاياق .

ئەلمىساقتىن كىم كۆكەردى ،
بولۇپ يامانغا يانتاياق .
بۈنچە سارغايماس ئىدىڭ سەن ،
ئاۋامغا بولساڭ ھەمتاۋاق .

« ئوماچقا زاغراڭنى چىلاپ ،
ئىچكەن ھىجىر ئالتۇن تاۋاق » .
كونىلارنىڭ تەمسىلىگە ،
ھەر قاچان سالغىن قۇلاق .

كۆرگىلى بولمايدۇ نۇرنى ،
باسقاندا كۆزلەرنى چاپاق .

كۆندە دەڭسەپ تۆر ئۆزۆڭنى ،
ئالما « شەپەرەڭ » دەپ ئاتاق .

كىمكى « مەن » دەپ ئويلىسا ،
چاپلاشقىنى ئاپەت ـ چاتاق .
ئەمدى گەپ بىزلەردە قالدى ،
هەر كىشى ئالغاي ساۋاق .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل تورىدىكى ئادرېسى

## مېھمان بوۋاي شادلىقى

بىر چاغلاردا كېلىپ كەتكەن، مېھمان كەپتۇ،
گۈل تۈۋىدە مۇڭدىشىپتۇق قىنىپ ــ قىنىپ.
پىيالىدە نەدىكى مەي، قىنىق چاي بار،
مېھمان بوۋاي سۆز باشلىدى شۇنداق قىلىپ:

تاغ باغرى تاغنىڭ باغرى غىلىڭ ساي ئىدى،
مايتاغلىق قۇردى زاۋۇت قاملاشتۇرۇپ.
ئۆزىنىڭ قامەت بەستى ــ سىمۋولى،
تۇرخۇننى كۆك ئاسمانغا تاقاشتۇرۇپ.

تۆكۈلگەن قان ــ تەرلەرنىڭ بەدىلىگە،
بۇ چۆلدە بىنا بولدى بىر گۈل شەھەر.
يۇلتۇزلار ئاي ــ چولپانمۇ كۆز قىسىدۇ،
ھەر ئاخشىمى، كېچىسى، ھەر تاڭ سەھەر.

تۇگىمەيدۇ تەرىپىگە داستان يازساڭ ،
بايلىقلىرى تۈگىمەيدۇ قازساڭ ـ قازساڭ .
خىزىر دۇئا قىلغان ئۇلۇغ دىيار ئىكەن ،
ھۆزۈر ئىكەن ئىشلەپ ـ ئىشلەپ جاپا تارتساڭ .

ئۇنۇمىنى ھاياتىم دەپ ئاتىشىدۇ ،
بىلىمىنى قاناتىم دەپ قارىشىدۇ .
مۇشكۇلگە پەرۋانىدۇر ئوغۇل ـ قىزى ،
شانۇ شۆھرەت مايتاغلىققا يارىشىدۇ .

قېرىلارغا ياشلىرى بەك قارايدىكەن ،
كېلىن ـ موماي چاچلىرىنى تارايدىكەن .
دوستلۇق دېسە بىر ـ بىرىگە بەك مېھرىبان ،
دىلدىن ـ دىلغا ھارارەتلەر تارايدىكەن .

ئىش ئۇستىدە قىز ـ ئوغۇلنى بىلمەك قىيىن ،
ياشلىرىنى پۇلغا ئالداپ ئىلمەك قىيىن .
باشلىقلىرى خۇددى پۇقرا كىچىك پېئىل .
قايسى باشلىق ، قايسى ئىشچى بىلمەك قىيىن .

ئۆيلىرىگە كىرسەڭ تولغان تامغا لەۋھە ،
بىنالىرى زامانىۋى ئالدى گۈللۈك .
كاستۇمىنىڭ ئالدى تولغان مېداللارغا ،
ھېچ بىلمىدىم قەيەرلەردە قالدى چۆللۈك ؟!

مەكتەپلەر « غۇنچىلار » غا توشۇپ كەتكەن ،
يەسلى ھەم باغچىلىرى قىزىپ كەتكەن .
ئىزدىسەڭ تېپىلمايدۇ ساۋاتسىزلار ،
ئوغۇل ـ قىزى كىتابسىز يۈرمەيدىكەن .

قىلغان ئىشنى نەتىجىگە ئۇلايدىكەن ،
ئىجاد قىلىپ مېدال ئالماي قويمايدىكەن .
سالام ـ سائەت ئۈزۈلمەيدۇ تۇرمۇشىدا ،
ئويىنىغاندا تازا قېنىپ ئوينايدىكەن .

كۆپنى كۆرگەن بوۋاي سۆزلەر قاملاشتۇرۇپ ،
پات ـ پات سۆزنىڭ تېمىسىنى ئالماشتۇرۇپ .
نەدىن كەلدى ئىلھام ماڭا سەزمەپتىمەن ،
سوئال چۆرۈپ سالدىم مەنمۇ ياندىشتۇرۇپ :

— راست دېدىڭىز بوۋاي بۇندا مول مۆجىزە ،
« جۇڭغاردىكى مەرۋايىت » نى كۆردىڭىزمۇ ؟
ئاي ، چولپانلار مايتېغىمغا كۆيۈپ قاپتۇ ،
ئاشىقلارنىڭ توي ھوزۇرىن سۇردىڭىزمۇ ؟

— ئەجەب بەلەن بەزمە بىلەن توينى كۆردۇم ،
ناخشىچىلار بۇلبۇل كەبى سايرايدىكەن.
نازاكەتلىك ئۇسۇللىرى بەئەينى توز ،
قېرى – يېشى زەپ شادىمان ئوينايدىكەن .

بۇ زېمىننىڭ سىرى ماڭا ئايان بولدى ،
ئىناق ئىكەن ئادەملىرى ئۇيۇلتاشتەك .
ئىجىللىقنىڭ مېغىزىنى چېقىشىپتۇ ،
كۆرۈنىدۇ ياشانغانلار خۇددى ياشتەك .

خۇشلىقىمدا كۇلكە پاتماي ئىچ – ئىچىمگە ،
شۇ ۋەجىدىن بۇ جەننەتكە كەلمەمدىمەن .
ئاق نانىنى يەپ ، ئاق – قارىنى بىلەلمىسەم ،
ئىككى ئالەم دوزىخىدا كۆيمەمدىمەن .

ئىجاد كانى ، غەلىبە كانى مايتاغ دېگەن ،
گۈلتاغ دېسە باغرىمنى كەڭ ئاچمامدىمەن .
ئۆتمۈش بىلەن سىلىشتۇرسام تۈگىمەس گەپ ،
ئەل بولمىسا قايىل ئۇنى ماختامدىمەن .

* * *

چاقچىسىنى توكۇلدىتىپ ئالىقىنىغا ،
چېكىشۋالدى راسا قىنىپ ناسۋىلىنى .
كۈلۈپ قويۇپ « خەير » دېدى بوۋاي ئاستا ،
كېتىپ قالدى توكۇلدىتىپ ھاسىسىنى .

بوۋاي دېگەن يېڭى – يېڭى رىۋايەتنىڭ ،
ئىلھامىدا مەنمۇ كۈلسەم كۈلمەمدىمەن .
ھۆزۈرلاندىم دىيارىمنىڭ ھۆزۈرىدىن ،
ئارمىنىم يوق ، ئەمدى ئۆلسەم ئۆلمەمدىمەن .

## * ئىللەتنى تاشلىساق گۈللەيدۇ مىللەت *

ئىللەتنى تاشلىساق گۈللەيدۇ مىللەت ،
كۆرەش قىلمىساق يوقالماس ئىللەت .
ئويغىنىۋالمىساق خۇي - پەيلىمىزنى ،
غەپلەتتە يۈرسەك توگىشەر مىللەت .

ئارتىۋالساق دۈمبىمىزگە زەللە قىلىپ ،
باشقىلار تاشلىۋەتكەن ئىللەتلەرنى .
ئويلىنىش مەزگىلى بۇ ، تاشلىمايلى ،
ئەزەلدىن سۆيۈپ كەلگەن خىسلەتلەرنى .

ئۇيغۇر دېگەن ئۇيۇلتاشقا بەك مەنىداش ،
ئويلىنايلى ئۇرۇق - تۇغقان جان قېرىنداش .
دىلىمىز بىر ، تىلىمىز بىر ، نەسىلداشىمىز ،
بۆرە يەيدۇ ئايرىلغاننى بىلىڭ يولداش .

ئاپتاپ كۆرمەي ئۆتىۋەرسە باشلىرىمىز ،
تومۇزدىمۇ كىيىۋالساق كىگىز بۆكنى .
قىمار ئويناپ ، نەشە چېكىپ ياشلىرىمىز ،
كۆرمىگەنمۇ تالاي ـ تالاي كۆرگۈلۈكنى .

بۇگۈن دوست بىز ، قول بېرىشىپ ، قەسەم ئىچىپ ،
ئەتىسىلا رەنجىشىمىز سەن ـ پەنلىشىپ .
ئۆگۈنلىكى تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ ،
مۇشتلىشىمىز ، تىغ كۆتۈرۈپ ، قان چېچىشىپ .

« سەن ئۇ يەرلىك ، مەن بۇ يەرلىك » دەيدىكەنمىز ،
بۆلگۈنچىلىك دېگەن ئەنە شۇنداق نېمە .
ھەممە مىللەت بىرلىشەيلى ، دەپ تۇۋلىساق ،
نەدىن پەيدا بولدى « لىق ، لىك » دېگەن نېمە ؟

ئۆزىمىز بىر ئىناق ياشاپ ئۆتۈشمىسەك ،
قانداق قىلىپ دوست تۇتىمىز باشقىلارنى .
باشقىلارنى دوست تۇتمىغان نادان مىللەت ،
خارلىنىدۇ دۈشمەن بىلىپ ئۆزگىلەرنى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

ئوخشىمايدۇ توي ـ تۈكۈنلەر تويغا پەقەت ،
چىرايلاردا نەدە كۈلكە غەملا پەقەت .
سۆرۈن چىراي ئولتۇرىدۇ مېھمانلىرىڭ ،
تېپىلمايدۇ خۇشچىرايلار بۇندا پەقەت .

ھەشەمەتلىك بۇ تويلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ،
قۇرۇپ كەتتى ھەممىمىزنىڭ ھەميانلىرى .
ياراشمىغان سوۋغىلارنىڭ جىقلىقىدىن ،
رەڭگى ئۆچۈك تويچىلارنىڭ چىرايلىرى .

توي تۈگىمەي تويلىشىدۇ ئەتراپىڭغا ،
ساڭا قەرز بەرگەن « ئېسىل يېقىنلىرىڭ ».
گەدەنگىچە بوغۇلىسەن قەرز دېگەنگە ،
تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنگە تەڭ سارغايغىنىڭ .

زامان ھازىر كونا ئەمەس ، زامانىۋى ،
لايىقلىشىپ ماڭمايلىمۇ بۇ زامانغا .
تاشلىمىساق كونا قالاق ئادەتلەرنى ،
ئەتە قاچا تاپالمايمىز پۇشايمانغا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئادەت قىلىپ خورلاپاتنى ـ كونىلىقنى ،
گۆھەر كەبى ئەنئەنىنى يەرگە ئۇردۇق .
ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق ھەق ـ ناھەقنى ،
ئەسقاتمىغان ئىللەتلەرگە باشنى قويدۇق .

قەدىردانلار بىلىم بولسۇن بىزگە قانات ،
ئىللەت دېگەن ئېغىر كاشال چېلىنشلارغا .
ئۇيغۇر دېگەن باش كۆتۈرسە ئەل قاتارى ،
يېتەلەيمىز بىزمۇ يېڭى ـ يېڭىشلارغا .

## ❀ يار كۆلكىسى ❀

ھەر كۆلكىسى بىر قۇياش يارنىڭ ،
ئېرىپ كەتتى دىلنىڭ مۇزلىرى .
مۇھەببىتى ، كۆلكىسى بولغاچ ،
ئابىھايات ئۇنىڭ سۆزلىرى .

نە قىلارمەن جەننەتنى ئەمدى ،
تۇرسا ياندا جەننەت ھۆرلىرى .
مىڭ جانغا تەڭ بېرىدۇ جاننى ،
ھەر قاراشتا قارا كۆزلىرى .

لەۋلىرىدىن تۆكۈلەر شەربەت ،
قېرىماسمەن ئەمدى ئۆلمەسمەن .
دوزاخلارمۇ بىلىنەر جەننەت ،
ئۆزگە يارنى مەڭگۈ سۆيمەسمەن .

2001 ـ يىل سېنتەبىر

## ✻ زامان شادلىقى ✻

ئۆتتى كۈنلەر ، ئۆتتى ئايلار يىلنى قوغلىشىپ ،
كۈلدى كۈلسەك ، كەتتى يىغلاپ ، بىزلەر يىغلىساق .
تۇرمۇش دېگەن ئەينەك ئىكەن ، راستچىل سەممىي ،
كۈلسەڭ كۈلۈپ ، يىغلايدىكەن بىزلەر يىغلىساق .

تۇمان باسقان قەھەتچىلىك چاغلار كەتكەندە ،
كۈلدى قۇياش ، بىزمۇ كۈلدۇق ، يىللارمۇ كۈلدى .
گۈڭچەنداڭ زامانى كەلگەندە كۈلۈپ ،
ھەر مىللەت ئەر ـ ئايال چاللارمۇ كۈلدى .

بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە بۈگۈن ،
جۇڭگودا شادلىنىپ باتۇر ئادەملەر .
پارتىيە يېتەكلەپ ماڭغاچقا بىزنى ،
زەپەرگە ئۇلاشتى ھەر بىر قەدەملەر .

ئىشچى شاد ، دېھقان شاد ، چارۋىچى خۇشال ،
ئاشپەز ھەم ناۋايلار ، دوغىچى خۇشال .
قوغۇنچى ، كاۋىچى ، كاۋاپچى خۇشال ،
دۇتارچى ، ساتارچى ، راۋابچى خۇشال .

ئوتۇنچى ، كۆمۈرچى ، تۆمۈرچى خۇشال ،
ئوتاقچى ، ئوقەتچى ، بوداقچى خۇشال .
قايماقچى ، بوياقچى ، تۇماقچى خۇشال ،
كۇلمەكتە قاقاقلاپ يىللارمۇ خۇشال .

ھۇزۇرغا چۆمۈلدى بىز دە ئادەملەر ،
بەختكە چۆمدۈردى تۇرمۇش تاتلىقى .
مىڭ ياشا پارتىيەم ، مىڭ ياشا جۇڭگو ،
ئۈزۈلمەس مەڭگۈگە زامان شادلىقى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ❃ تـوۋا ❃

شـېئـىـرلارنى ئۆشـنـەمـگـە ئارتـىـپ ،
داۋان ئـېشـىـپ باردىم بازارغا .
خـېرىدارى چـىقـمـىدى ئۇنـىڭ ،
شـۇڭـا كـېـلـىـپ ياتتىم مـازارغـا .

كـونـا روھلار كـەلـدى چـۆرەمگـە ،
مـىـسرالارنى ئـالـدى تـالـىـشىـپ .
« تـوۋا ! » — دېدىم تـۇتـتـۇم ياقامـنى ،
شـېئـىـرلـىـرىم قـالـدى قـارىـشـىـپ .

تـورلـىـشـىـپ قـاپـتـۇ ئـادەمـلـەر كـۆزى ،
مـېـۋىـنـى ئـالـماي ، ئـالـدى بـاراڭـنى .
كـىـمـمۇ كـۆلـمـىـسۇن بازارغا قـاراپ ،
يالغان — ياۋىداق ئـالـدى پـاراڭـنى .

ياخشى ــ يامانىنى پەرق ئېتىشكە ،
بىلمىلىك زېرەك كاللىمىز كېرەك .
« ئاتاڭمۇ بازار ، ئاناڭمۇ بازار ... »
ئەقىلدىن شۇ سۆز بېرىندۇ دېرەك .

2001 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## * يىگىتكە *

بۇرۇتىمىز خەت تارتقان بىلەن ،
يىگىت بولماق مۇشكۇل جاپالىق .
تەك ئۆسمىسە ئەقىل رىشتىمىز ،
بولالمايمىز ئىنساپ ــ هايالىق .

مۇهەببەتنىڭ تىكەنلىرى كۆپ ،
چىدىغانغا قارايدۇ كۈلۈپ .
سادىقلىقنىڭ ، جاپا ــ مۇشەققەت ،
ئۇزۇلمەيدۇ كەتكۈچە ئۆلۈپ .

قىز دېگەننى كۆرۈپ باقتىڭمۇ ،
هايا بىلەن ئىپپىتى گۆهەر .
لەززىتىدىن ئۆمرۈڭ بەختىيار ،
كېچە ــ كۈندۈز ، هەر تاڭ ، هەر سەهەر .

لايىقى بول سەن يىگىت بولساڭ ،
شۇنداق قىزنىڭ مۇھەببىتىگە .
بۇرۇت قويساڭ بولامسەن يىگىت ،
قىز دېگەننىڭ يەتمەي تەكتىگە .

يالغان بىلەن ساختىنىڭ كۈنى ،
بۇ بازاردا ھەر دائىم كاسات .
ئېسىل خىسلەت پاك مۇھەببەتكە ،
تاش ئاتالماس ھەر پىتنە ـ پاسات .

يىگىت بولساڭ يىگىتتەك بولغىن ،
ھايالىق قىز بولغاي دىلبىرىڭ .
ۋاپادار قىز — چېقىلماس گۆھەر ،
شۇ چاغ ھەلدۇر ئۈمىد ـ تىلىكىڭ .

## ئانامنى ئەۋلىيا دەيمەن

( ناخشا تېكىستى )

ئانامنى ئەۋلىيا دەيمەن ،
ئاتامنى ئەۋلىيا دەيمەن .
ئاتا بولغاچ ئانا بولغاچ ،
كۆزۈمگە تۇتىيا دەيمەن .

ئاتاڭ بولسا ئاناڭ بولسا ،
ئۆزۈڭنى پادىشاھ چاغلا .
ئۇلارنى بىر خۇشال قىلساڭ ،
ئۆزۈڭنى ئەنبىيا چاغلا .

ئاناڭ گۇلدۇر ئاتاڭ بۇلبۇل ،
بىرەر جەننەت ھۇزۇرىنى .
ئاتا بىزگە ئانا بىزگە ،
ئاتا قىلغاي غۇرۇرىنى .

نەقرات : ئانا رازى خۇدا رازى ،
تۇگىمەيدۇ ئۇلار قەرزى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# * خىزىر خىتابى *

كارامەت ئىلكىدە ھەيران بولۇپ كەلدىم يىراقلاردىن ،
ھۇزۇرلاندىم ، كۆڭۈللەر خۇش ، گۈزەل ھىدلىق پۇراقلاردىن .
سامادا سەيلىگاھ ئىزدەپ ، بېشىم قاتقان ئەشۇ پەيتتە ،
نىشان تاپتىم دىيارىڭدا بۇ يۈلتۇزلۇق چىراغلاردىن .

نېمە بۇ ، باغۇ بوستانمۇ ، مېنى چۈلغاپتۇ ھەيرانلىق ،
بۇرۇن بىر چۆل ئىدى تاشلىق ، بۈگۈن جەننەتچە گۈلزارلىق .
قۇرۇپ زاۋۇت ، شەھەر بوپتۇ سوراپ سالسام خوجايىنىنى ،
دېدى بىرسى : بىلىپ قالغىن ، خوجايىنمۇ مايتاغلىق .

دۇئا قىلدى ، خىزىر كەتتى ، شۇئۇرلاپ ئىلتىجاسىنى ،
خىتاب قىلدى خالايىققا ، چۈشەندۈق مۇددىئاسىنى .
ئىناقلىق بىر بۈيۈك نەغمە ، ئىناقلىقتا جىمى بەرىكەت ،
ئىناقلىقسىز كۆرەلمەيمىز گۈزەل مايتاغ سىيماسىنى .

1999 ـ يىل

## ❀ ياق ، دېسەم ❀

خار بولاي جېنىم ئانا ، سەن تۇرۇپ مەن خار دېسەم ،
بۆيرىساڭ « ئاسمانغا چىق » دەپ ، تولغاپ بويۇن بىر ياق ، دېسەم .
دوزىخى مەلئۇن بولاي شۇ ئىككى ئالەمدە ئانا ،
ئاقنى ئاق ، قارىسىنى قارا ئىكەن دېيەلمىسەم .

بوغسۇن گېلىمنى شۇ هامان ئەلنىڭ جازا ئارغامچىسى ،
مىڭ ئېغىز بۆيرۇتمىنىڭ تا بىرسىگە بىر ياق ، دېسەم .
« جەڭگە بار » دەپ بۇيرۇساڭ قالقان بولاي يۇرتۇمغا مەن ،
نۆۋەتى كەلسە ئۆلۈمنىڭ ، بار دېسەڭ ياق ، ياق دېسەم .

ئانىجان باشىم ئېگىكلىك سۆلىتىڭ سايىسىگە ،
سەن ئەرش پەرىشتىسى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا .
سەن جاهان مۇهەببىتىنىڭ ئانىسى ـ هەغداچىسى ،
تۇۋلىساڭ شاهلار ئېگەر باش مەيلى دېسەم ـ دېمىسەم .

www.uyghurkitap.com

ئاھ ۋەتەن جېنىم ئانا ، قىل بۇيرۇقۇڭنى ھەر زامان ،
يەر بىلەن يەكسان قىلاي دۈشمەنلىرىڭنى قاقشىتىپ .
سېنى دەپ ئۆستۈم زورايدىم ، كۆچكە تولدى قامىتىم ،
قىلىچىڭ باشىمنى ئالسۇن جەڭلەردە غەلىبە قىلمىسام .

2001 ـ يىل دېكابىر



## * ئوقۇمىساق بولمايدۇ *

خوراز كەبى چىللىغاندا « ئىز » ،
يولۋاس بولۇپ « ئويغانغان زېمىن » .
دەريا دەريا ئاقسىمۇ قانلار ،
ئۆچمىمىزدا شۇ كونا ئىگىن .

مەيلى « ئىز » ھەم « ئويغانغان زېمىن » ،
كار قىلىسىدى ماڭا ـ ساڭىمۇ .
ھازىر نامرات ئاتالماس ئىدۇق ،
پۇشايماندا قالماس تەگرىمۇ .

خوراز چىللاپ ، ئويغانغان بىلەن ،
نەدە بايلىق قىمىرلىمىساك .
پەرقى قېنى كونا ـ يېڭىنىڭ ،
چىپىلمىسا قولدا كەتمىنىڭ .

تىرىشچانلار كەتمىدى يىراق ،
ناخشىسىنى ئاڭلىغىن بوگون .
ئىلىم ـ پەننى تاڭساك يۈرەككە ،
شۇ چاغ دىلدا توگەيتتى تۇگون .

پىچاقنىمۇ باسىدىكەن دات ،
پات ـ پات گۆش ـ ماي توغراپ تۇرمىسا .
ئوغۇل دېگەن شۇڭقار بولالماس ،
مۇشكۇللەرنى قوغلاپ تۇرمىسا .

ئۇنتۇپ قالساق بولامدۇ دوستۇم ،
ئۆتمۇشتىكى ئازاب ـ دەردلەرنى .
خەلقىم ئۈچۈن جانلاردىن كېچىپ ،
جەڭلەر قىلغان باتۇر ـ مەردلەرنى .

شىلىك دۇبەندەك رەزگى ـ زالىملار ،
هارام قىلغان هەقنى ـ هالالنى .
هەر ئامالالاپ شوراپ قانلارنى ،
چەشمە قىلىپ شورىغان جاننى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۈنتۈپ قالدۇقمۇ ، يېگۈسى كەلسە ،
لوق يەپ پايخاننى چاينىغىنىنى .
زۇلۇم يوقالسۇن ، دېسەڭ ۋارقىراپ ،
ھەر باپتا كەلتۈرۈپ جايلىغىنىنى .

سېيىت نوچى ، سادىر پالۋانغا ،
ئەلەملەر بولغان ئوقۇمىغىنى .
تالايلار كەتتى سۆلھى سالاغا ،
سەۋەبكى ئوقۇمىغىنى ياكى توقۇمىغىنى .

ئىلىم ـ پەنگە باغلىنمىساڭ بەل ،
مەڭگۇ گاداي ئۆتىدۇ كۈنلەر .
يالغۇز گاداي بولساقمۇ مەيلى ،
كۈنلەر تۈتۈلۈپ باسىدۇ تۈنلەر .

ئىسلاھات ئاچتى راسا كەڭرى يول ،
بىلىم ئۆگىنىپ ماڭايلى ئالغا .
بارچە مىللەتلەر قىلايلى يۈرۈش ،
ئىلىم ـ پەننىڭ چوققىلىرىغا .

2000 ـ يىل ماي

## ❋ بىر كۆرۈپ ❋

ئىتىزلىقتا بىر كۆرۈپ سىنى ،
چۇشۇپ كەتتى بىر ئوت ئىچىمگە .
ھېچ كىشىگە تىنماي دىسەممۇ ،
ئىچ - ئىچىممۇ تولدى تۇتۇنگە .

ئوتتا ئادەم شۇنداق كۆيەمدۇ ،
كۆيگىنىمنى دىلبەر بىلەمدۇ .
سۆيمىسىمۇ بىر قاراپ قويسا ،
ئۆز ئوتىدا ئۆزى كۆيەمدۇ .

كۆرۈنمىسە بوپتىكەن ماڭا ،
مۇھەببەتكە قىلدى مۇپتىلا .
كۆيمىگەنگە كۆيمىگەن بولسام ،
كۆيمەس ئىدىم ئوتتا مۇنچىلا .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سۆيمىگەنگە كۆيۈپ قاپتىمەن ،
كۆيمىگەننى سۆيۈپ ساپتىمەن .
پۇشايمانغا قاچا تاپالماي ،
تۇيۇق يولغا كىرىپ قاپتىمەن .

2000 ـ يىل



## * پارچىلار *

ئامال يوق ، ياشلىقىم كەتتى قىسقىراپ ،
كۆن بىلەن ئايلىرىم ئېتتىرگەنسىرى .
چاچلىرىم ئاقاردى ، يۈزلەردە قورۇق ،
يىللىرىم باقىغا قىستىغانسىرى .

※

هويلامدا دەمدەلەر ئۈنلىمەس بولدى ،
مورامدىن ئىس ـ تۈتەك چىقمىغانسىرى .
يېقىنلاپ قاپتىمەن باقىغا ئەمدى ،
هەر تاڭدا خورازلار چىللىغانسىرى .

※

موللامدىن كۆپ ئىكەن پەتىۋاچىلار ،
ئاز قاپتۇ موللامنىڭ ئەتىۋارلىرى .
يالغاندىن يالغاننى توقۇغاچقىمۇ ،
بازاردا كاساتكەن پەتىۋالىرى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

※

قىنى سەن شەرمى ـ هايا قاچتىڭ قاياققا ،
قىز ـ يىگىت قەلبىدىن تۈتماستىن ماكان .
قاچقىنىڭ مىللەتكە زاۋال ئەمەسمۇ ،
ئايلىنىپ كەتتىمۇ تەتۈرگە زامان ؟

※

مەھەللىدە قىز جۇۋان كۆرۈنمەس بۈگۈن ،
ئىزدىسەڭ رېستوران تانسىدا پەۋەس .
كوچىدا يىگىتلەر ناگان ـ ناگاندا ،
تاۋكادا ، قاۋاقتا يۈرەر مەست ـ ئەلەس .

※

ۋەتەن دەپ قانچىلاپ تۆكۈلدى قانلار ،
شۇ قان ـ تەر ۋەتەننى قىلغان گۈلىستان
ئەمدىچۇ ، بەزىلەر يەتمەي قەدرىگە ،
قىلماقتا گۈللۈك ھەم ئورماننى ۋەيران .

※

قوغۇننىڭ تاتلىقى تورلىشىدىكەن ،
شۇ قىياس چىرايىم تورلاشتى ئەسلا .

بىر سۆيسەم لەۋلىرىم قالار چاپلىشىپ ،
تەمدىن يورويمەن كوندوز ـ كەچ مەستلا .

※

قارىسا كىرىپ كېتەر كۆزنىڭ ئىچىگە ،
كۆرسەم بەدەن تىترەيدۇ ئالايغىنىنى .
چىدىمىدىم خالايىقلار ـ چىدىيالمىدىم ،
ئېغىر كەلدى خوددى ئىتتەك تالايدىغىنى .

※

ئولوشكون ئىگىلىپ بەرگەنتى سالام ،
تونوگون باشلىدىم مېھماننى تۆرگە .
ئېغىناپ ياتىدۇ كېتەي دېمەيدۇ ،
مىڭ تويدۇم ناكەسنى باشلاپ ئۆيۈمگە .

※

بەزىلەر گوركىرەپ بوزوپ بازارنى ،
« مەيدەمنىڭ توكى بار ئوغولمەن » دەيدۇ .
بوروتنى قويسىلا بولامدۇ يىگىت ،
ئاتا ھەم ئانىنى غاجايدۇ ، يەيدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

※

قىز بولساڭ قىزىلگۈلدەك قىزىل بول ،
دىماغلارغا ئۇرۇلسۇن قىز پۇرىقى .
جامالىڭنى بۇزما رەڭدە ـ بوياقلاردا ،
نە هاجەت لەۋلىرىڭگە لەۋ سۇرۇقى .

※

ئىنساننىڭ هاياتى قىسمەتكە تولغان ،
كۆلكىگە تۆگىنىپ ياشايدۇ ماتەم .
بەك ئۇزۇن بولسىمۇ هايات سەپىرى ،
سائىتى توشقاندا جىم بولار هاتەم .

※

قىسمەتكە تولغان دىيارىمىزغا ،
بولساق بولاتتى بىر دانە كىسەك .
قان ـ تەر بىلەن بىزەيلى ئۇنى ،
پۇشايماندا قالمايلى دېسەك .

※

هەقىقەت ئاغزىغا سالساڭمۇ قۇلۇپ ،
نۇرىنى چاچىدۇ ، دال بولماس ئېتەك .

« زىمىستان مېنىڭدىن قورقىدۇ » دەرمىش ،
ئۆتۈكنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ پىتەك .

※

دېھقان قىزنىڭ قوغۇنلىقىدىن ،
چىقىپ يېۋىدىم سېرىق چىلگىنى .
كالپۇكلىرىم مەھكەم چاپلىشىپ ،
دېيەلمىدىم يۇرەك سۆزۈمنى .

※

ئازلىرى باي كۆپلىرى گاداي ،
ئەلمىساقتىن ئىنسانلار شۇنداق .
تەڭ يارىتىپ ھەممىنى ئۆزۈڭ ،
قىلمىغىن رەببىم مۇشۇنداق چاقچاق .

※

ھايۋانلار ئىچىدىن تېپىلماس ئادەم ،
تېپىلار ئادەملەر ئىچىدىن ھايۋان .
جان ئاناڭ ئوغۇزى قۇۋۋەتقۇ ساڭا ،
شۇ ئاناڭ سۈتىدەك ھالال بول ئىنسان .

1990 ـ 2000 ـ يىللىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# ❁ سايرىدى خۇشال بۇلبۇل ❁

( ناخشا تېكىستى )

سايرىدى خۇشال بۇلبۇل ،
قىزىل گۈللەر ئېچىلغاندا .
سايرىماي تۇرالامدۇ ،
قۇياش نۇرى چېچىلغاندا .

سايرىدى خۇشال بۇلبۇل ،
ئەل خۇشال كۈلۈشكەندە .
يايرىدى دىلى شۇنچە ،
بەخت نۇرى چېچىلغاندا .

سايرىدى خۇشال بۇلبۇل ،
ۋەتەن بەختى ئېچىلغاندا .
بەخت كۈلدى بولۇپ ھەمدەم ،
جىمى مىللەت ئۇيۇشقاندا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەقرات : سايرىماي چىدالامدۇ ،
قۇياش نۇرى چىچىلغاندا ؟



# * يوق ئارمان يۈرەكلەردە *

( ناخشا تېكىستى )

خەلقىم ئۈچۈن تەر تۆكسەم ،
خۇشلۇقۇمدا هارمايمەن .
چال سازىڭنى ناخشامغا ،
بۇلبۇل كەبى سايرايمەن .

بايرام كەلدى شادلاندۇق ،
زور چېلىشقا ئاتلاندۇق .
ۋەتەن هۆسنى ئۈزلاشتى ،
زەپەرلەردىن هۇزۇرلاندۇق .

بۇگۈن بايرام – بۇگۈن شادلىق ،
ياڭرىغاي مۇقام – ناخشا .
ئارمان يوق يۈرەكلەردە ،
ۋەتەن دەپ تەر – قېنىم ئاقسا .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

نەقرات :

ئارمان يوق يۈرەكلەردە ،
ۋەتەن دەپ تەر ــ قېنىم ئاقسا .

## ❁ جەڭچى ناخشىسى ❁

ئەل ئۈچۈن ئۆلسەم ئۆلەي ،
دۈشمەنگە تەزىم قىلغۇچە .
كۆكسىگە خەنجەر ئۇراي ،
كەرگەن قاناتىن يىغقۇچە .

جەڭچىمەن ــ جەڭگاھتىمەن ،
ھەر شەپىدىن ئويغاقتىمەن .
ۋەتىنىم ــ خەلقىم ئۈچۈن ،
زەنگاڭدا چىڭ تۇرماقتىمەن .

كەلسە گەر دۈشمەن يوچۈن ،
جەينەك بىلەن سالماقتىمەن .
گەر ھاۋادىن كەلسە ياۋ ،
كۆزىگە ئوق ئۈزمەكتىمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەل ئۇچۇن ئۆلسەم ئۆلەي ،
مۇشكۇلگە ۋاي دەپ يۈرگۈچە .
بەختىم مېنىڭ شۇنداق ئۆلۈش ،
نامۇ نىشانسىز ئۆلگۈچە .

## * كەل باھار *

كەل باھار نورۇزغا يانداش خۇشچىراي ،
مەن سېنى چوڭ بەزمىگە باشلاپ باراي .
ئىشنى ئىككى قاتلىغان مەردلەر ئۈچۈن ،
سازنى چال ناخشاڭنى مەن توۋلاپ باراي .

ئەمدى باشلاندى ئىجادكارلار تويى ،
كەل باھار دۇتارنى چال مەن داپ چالاي .
تۆھپىكارلار قىپقىزىل گۈلنىڭ ئۆزى ،
شېخىدا بۇلبۇل بولۇپ سايراپ قالاي .

مىڭلىغان نېفىتچىنىڭ قايناق دىلى ،
قارا ئالتۇن ھىدىنى گۈل دەپ پۇراي .
مىڭ ئەمەس ئونمىڭغا يەتكەي تۆھپىكار ،
مايتېغىم گۈلدەك ئېچىلغاي خۇشچىراي .

ياش ـ قېرى ، موماي ـ چاللار بەيگىدە ،
ئەل بىلەن مەنمۇ بۈگۈن ئات چاپتۇراي .
مەيلى قالسام چاڭ ـ توزاندا كەينىدە ،
ئالغا كەتكەنلەرگە ئالقىش ياڭرىتاي .

2003 ـ يىل ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com

## ❀ كۆيچىلەرگە ❀

دىمىگەنمۇ ئۆمەر ھەييام بىر زاماندا ،
« ماڭا لازىم ناخشا بىلەن مەي ھەم جانان » .
شوخ كۆيىنىڭ چىقسىلا ئاۋازى ئەگەر ،
جىم تۇرالماس ئاۋام تۇرماق ھەتتا خان .

كۆيلە ناخشاڭنى ، ياڭرات سازىڭنى ،
يۈرەكلەر زوقلانسۇن بىردەم بولسىمۇ .
ئالەمدە كۆڭۈلدىن ئىسىل نەرسە يوق ،
ياشايلى ، كۆلەيلى تۆت كۈن بولسىمۇ .

سەن كۈلسەڭ جاھانمۇ قارايدۇ كۈلۈپ ،
ئەجرىڭدىن ئىچىلۇر رەڭمۇرەڭ گۈللەر .
قاچمىغىن جاپادىن تەكتى بىل ھۇزۇر ،
كۈلىۋەر ، شادلانسۇن كۆلكىلىك كۈنلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

زامان كەڭ ياشاشقا ھۇرۇن بولمىساڭ ،
تارلىشار كەڭ ئالەم ئىشچان بولمىساڭ .
ئالەملىك شىجائەت غەيرىتىڭ بولسا ،
ئۆلمەيدۇ مېھنىتىڭ ناۋادا ئۆلسەڭ .



## * كۆرۈنمىسەڭ بوپتىكەن *

قىرىغاندا نەدىن كەلدى بىر تال ئوق ،
بەرداشلىقى قالمىغاندا بىلەكنىڭ .
كۆيدۈرگىلى تۇردى ئوقنىڭ قىزىقى ،
تېگمۇدى بېغىشىغا يۈرەكنىڭ .

بىلمەپتىمەن يار ئىشقىنىڭ تەپتىنى ،
ئەمدى بۇزدى چىرايىمنىڭ ئەپتىنى .
كۆلۈپ كەلسە كۆڭۈل ئارام تاپاتتى ،
ئەلەم بولدى بىر كۆرۈنۈپ كەتكىنى .

شۇ ئاخشىمى كۆرۈنمىسەڭ بوپتىكەن ،
بۇ ئەلەمگە بولماس ئىدىم مۇپتىلا .
ئۆزۈڭ كېلىپ ئۆچۈرمىسەڭ بولمىدى ،
ئۇلغايدى ئوت قىينىمىغىن مۇنچىلا .

2003 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# يول

يوللار تۈز ، مېڭىشىڭ ئەگرى ـ بۈگرى ،
كاشىلا بولغىنى دىل قىڭغىرى .
مېڭىشنى بىلسەڭ ئىدىڭ باشقىلاردەك ،
يېتەتتۇق مەنزىللەرگە كۆپ ئىلگىرى .

گەپىنىڭ مېغىزى نەق شۇ يەردە ،
كۆڭۈل تۈزمۇ ، قىيىسقمۇ .
تۈز بولسا ، قىيىسىق يولمۇ تۈزلىشىدۇ ،
قىڭغىر بولسا قىيسىيدۇ تۈز سىزىقمۇ .

قاغىنما يوللارنى دوستۇم قىڭغىر دەپ ،
چۆللەردىن ئاشۇ يولنى ئاچقان ئادەملەر .
مەنزىلىڭ نەگە ـ بىلسەڭ بولاتتى .
ساڭا تۇرمامدۇ يۆلەك ئۆتەڭلەر .

※

## * بىر نادانغا *

« قىرى » دېسەڭ مەيلى مېنى قىرىپ قالدىم ،
ساڭا ئوخشاش چاپالمايمەن ھېرىپ قالدىم .
مېڭىشىمغا بىر قاراپلا بىلمىدىڭمۇ ،
ياشلىق كېتىپ يەتمىشلەرگە بېرىپ قالدىم .

ئىچمۇئىلىپ مۇشت تەڭلىدىڭ قېرىلارغا ،
پوچىكەنسەن ، مىجەزىڭنى بىلىپ قالدىم .
چىكمۇئىلىپ تاشلىۋەتتىڭ بالىلارنى ،
ئادەملىكتىن چىققىنىڭنى سېزىپ قالدىم .

نامىڭنىغۇ ئاڭلىۋىدىم « قىمارۋاز » دەپ ،
بىساتىڭنى تۈگىتىپسەن ھەيران قالدىم .
ئىشلىمەي ئايرىلىپسەن خىزمىتىڭدىن ،
ساپساق تۇرۇپ بۇ ھالىڭغا ھەيران قالدىم .

※

سەن تېخى ياپياش تۇرۇپ ، روھىڭ گادايكەن پەملىسەم ،
« ئا » نى « ب » دەيسەن ئۇيالماي ، رەنجىدىڭ راست گەپ دېسەم .
بۇ زامان قانداق زامان بىلسەڭ بولاتتى ھەي بالا ،
غايىسىز ئەخمەق ئىكەنسەن مەيلى بىلسەم ـ بىلمىسەم .

« كارغا كەلمەس قېرى » دەپ سالدىڭ ئەجەب ھەيرانىمەن ،
ياش ئىكەنسەن قېنى كەل ، مەن ياتمىدىم مەيداندىمەن .
ئات ئىگەرلەكلىك ، يۈرەك يېنىپ تۇرسا ئوت چوغ بولۇپ ،
مەن تېخى بەل يەشمىدىم ، جەڭلەردىمەن ـ جەڭگاھتىمەن .

※

قېرىلىغىم راست مېنىڭ ، كۆزلەر خۇنۇك ، بەل مۈكچىيىپ ،
ياشلىقىم قالدى بالامغا ، نەۋرەمگە يادىكار بولۇپ .
جەڭ بىلەن ئۆتتى قىرىق يىل شان ـ شەرەپلەر بولدى يار ،
قارىغىن كۆكسۈمگە ئوردېن پاتمىدى كەتتى تولۇپ .

ئوت يۈرەك بىر ئەر ئىدىم تاغلارنى يۆتكەپ ماڭغۇدەك ،
جەسۇرانە مەرد ئىدىم ، شۇڭقار ئىدىم ، يولۋاس ئىدىم .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تاربىسى

جەڭ دېسە پەرۋانىمەن ، داڭ چىقارغان يۇرت ئارا ،
سېغىنىپ خەلقىم سۆيۈنگەن ئارزۇلۇق پالۋان ئىدىم .

راست ئاۋازىم پەس مېنىڭ ، يول يۇرمىكىم ئاندىنمۇ تەس ،
خۇنۇكلەشتى كۆزلىرىم ، ئەمما ئىرادەم پەس ئەمەس .
بىز ئازاد قىلغان زاماندا ياشاردى ياشانغانلار ،
قەلبىمىز ئويغاق تېخى بىلسەڭ سېنىڭدەك مەست ئەمەس .

گەر ئۆزۈڭنى ياش دېسەڭ ، تاۋكادا يۇرمەستىڭ ئېزىپ ،
بۇرۇتۇڭغا تۇكۇرۇپ يۇرمەس ئىدىڭ زەيدە يېتىپ .
ياش دېگەن سەندەك بولامدۇ قىلچە غايەڭ بولمىسا ،
خىزمىتىڭ ئېسىڭدە يوقتۇر ، ئەگرى كانايىنى چېكىپ .

قېرىنى قېرى دېسەڭ مەيلى بالام ، ( مەيلىڭ سېنىڭ ) ،
جانغا تەگدى ئويلىماي « كارغا كەلمەس » دېگىنىڭ .
بەش بالامنى سەپكە قوشتۇم نەۋرىلەر قاتار ـ قاتار ،
بىر بالاڭ تۇرماق ئۆزۈڭنى سەپكە قوشماي يۇرگىنىڭ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىرىلار بولغاچقا ياشلار بار بولۇر يەر شاردا ،

سەنمۇ قىرلىسەن تېخى تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن .

تۆمىقىڭنى يەرگە تاشلاپ ئويلىنىپ باق ياش يىگىت ،

ئەمدى تاشلا ئىللىتىڭنى يېڭى يول تۇت باشقىدىن .

2003 ـ يىل ئىيۇل



## ❃ شاپىلاق ❃

يىغلىمىغان تالاي قېتىم يەپ تاياق ،
ئەجەب ئۆتتى قىز ئۇرغان بىر شاپىلاق .
سەھەر تۇرۇپ قاراپ باقسام ئەينەككە ،
قاڭشارلىرىم بولۇپ قاپتۇ ياپىلاق .

كۆلۈپ قويسا كۆلۈپتىمەن ئېچىلىپ ،
شەيتان كىرگەن ئىكەن شۇچاغ ئىچىمگە .
بېسىلمىغاچ قوللىرىمنىڭ قىچىقى ،
ئوت كېتىپتۇ ئىچىم بىلەن تېشىمغا .

« قىلتىقىمغا چۈشتى قىزچاق » دەپتىمەن ،
گۇناھىمغا بىر شاپىلاق يەپتىمەن .
توي قىلمىدىم ، يېشىم ئاشتى قىرىقتىن ،
ھازىرغىچە شۇ شاپىلاق دەردتە مەن .

2003 ـ يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ❋ بالامغا خەتاب ❋

يېقىنلاشما ، تومۇزدىكى تونۇغاقلارغا ،
يالغۇزلىقىڭ ئۇچۇپ يۈرگەن قامغاقلارغا .
ئارىدىن يىراق قىلغاي پەرۋەردىگار ،
قەلبى قىيسىق ، دىلى قىڭغىر مايماقلارغا .

ساقلا ئىگەم ئايغاق مىجەز ـ نايناقلاردىن ،
تاپقىنىڭنى قويمايدىغان يۇلغاقلاردىن .
بەندىلەرنىڭ كۆڭلىگە سال ئىناقلىقنى ،
بىزاردۇرمىز ئەمدى مەڭگۈ توزغاقلاردىن .

سەپەرگە بىللە چىقما ، چالغاق بىلەن ،
ۋەدىدە بىللە بولما تانغاق بىلەن .
بېشىڭغا پىت سالىسەن ئاخىر بىر كۈن ،
ئايدىڭدا قېتىق ئىچسەڭ چانغاق بىلەن .

دوستۇم دەپ قىلما چاقچاق ئۆڭگەكلەرگە ،
دۇمبىسىگە ئارتما خۇرجۇن مۆڭگەكلەرگە .
جىلۋە قىلىپ چىرايىڭنى ھەرگىز ئاچما ،
دۇمبىسىنى سىلاپ قويسا كۆنگەكلەرگە .

2003 ـ يىل



www.uyghurkitap.com

## ❀ ئىشچى شەنگە ❀

قىچقىرىپ چىقتى قۇياشنى ،
ۋارقىراپ سەھەر گۇدۇك .
تارتىنىپ قىزدەك قۇياشمۇ ،
قالدى خىجىللىق ئىلكىدە .
ئىشچىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن ،
تىترەيدۇ سىخلار توختىماي .
ئاقتى تەر ، چىلاشتى پەشلەر ،
بىراق ، چىرايلار كۈلكىدە .

※

بەستى بىر تاغ ئىشچىنىڭ ،
ئەگەر پولاتنى قوللىرى .
گاھ ئۇيان ھەم گاھ بۇيان ،
ماڭسا قىرىسلار يوللىرى .
كۆكسىدە چاقنايدۇ ئوردېن ،
ئۇ شەرەپىنىڭ بەلگىسى .

سېخمۇ گۈل ، يوللارمۇ گۈل ،
زەپ خۇش پۇرايدۇ گۈللىرى .

ماتور دېگەنلەر توختىماس ،
قورقۇپ گۈرۈلدەپ چۆرگىلەپ ،
ئالىقىنىمدا ئىشچىنىڭ ،
ئىشلەر كۈلۈچلار ئەركىلەپ .
تۇرۇبىلاردا ئاققۇزار ،
مايىنى بەئەينى سۇ كەبى .
شۇڭا ھەر ياندىن كېلۇر ،
چولپان بىلەن ئاي ماي سوراپ .

مايتېغىم بىر چۆل ئىدى ،
تەرلەردە بولدى گۈل شەھەر .
ياڭرىماقتا ئىشچىلارنىڭ ،
ناخشىسى شامۇ سەھەر .
شۇڭا ئەيتارمىز دىيارنى ،
جەننىتى ئەمگەكچىنىڭ .
بەللىرىدە يالتىرايدۇ ،
ھەر زامان ئالتۇن كەمەر .

تىنىم تاپماي ئىشچىنى ،
ماختىسام دەيمەن توزۇك .
شائىرى بولۇپ ئىشچىنىڭ ،
ياشنىسام دەيمەن توزۇك .
ئۆگىنىپ شول ئىشچىنىڭ ،
خىسلىتىنى دىتىنى .
زەپەر قۇچۇپ ئىشچىدەك ،
ياشىسام دەيمەن توزۇك .

سەنمۇ تاپ بەختىڭنى ئىشلەپ ،
ئىشچىدەك بولغىن خۇشال .
گۇل دىيارغا ياندىشىپ ،
باشلا يېڭى قۇتلۇق سەپەر .
ئەل خۇشال ، تاغلار خۇشال ،
باغلار خۇشال تاڭ شەپىدىن .
كىم كۆتۈرمەيدۇ بىشىدا ،
ئىشچىدەك قۇچساق زەپەر .



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# * يىللار كۆلكىسى *

مىليونلاپ يۈرەكلەر دەيدۇ گۆڭچەنداڭ ،
بەختىمىز ، پەخرىمىز ، شاپائەتچىمىز .
سىنىڭسىز بولامتى بۇ ئىللىق هايات ،
بولامتى جاهاندا قىممەت قەدرىمىز .

سەن بولغاچ ماركسىنىڭ يولىدا ماڭدۇق ،
سەپەرلەر زەپەرگە تولدى هەر قاچان .
هەر مۈشكۈل ، هەر خەتەر بىزنى توسالماس ،
قۇرىمىز قىپقىزىل نۇرلۇق بىر جاهان .

بايرىمىڭ مەرىكىدە سۆيۈندى دىللار ،
« ياشىغاي گۆڭچەنداڭ » دەيدۇ مىلياردلار .
هەر يىلىنىڭ كۆكسىگە گۈللەر تاقىدۇق ،
سەن بىلەن ياشنايدۇ ، قىرىماس يىللار .

باياشات ، بەختىيار مەنزىلگە ماڭدۇق ،
ماۋجۇشى ، دىڭ شياۋپىڭ ئىچىپ بەردى يول .
جىياڭ زېمىن باش بولۇپ قىلىپ ئىسلاھات ،
توققۇزىمىز تەل بولدى ـ ھوسۇلىمىز مول .

ئۇلۇغ ئەل پارتىيەم دەپ سۆيۈندۇ ،
ئەجداد يولى كېڭەيمەكتە ماڭغانسېرى .
باش شۇجى خۇجىنتاۋغا چىڭ يېپىشتۇق ،
ئىسلاھاتتىن كارامەت نەپ ئالغانسېرى .

ئىناقلىق گۈللىرى ئېچىلدى ئەمدى ،
بۆلگۈنچى چىرايلار سارغايدى تۇتۇق .
بار مىللەت ئۆم ئىناق بولسىلا مەڭگۈ ،
يار بىزگە شان ـ شەرەپ ، ئۇتۇق .

سايراشنى ئۇنتۇغان قۇشلار سايرىدى ،
دىمىقتىن قۇتۇلغان دىللار سايرىدى .
گۈگچەنداڭ يورۇتقاچ قاراڭغۇلۇقنى ،
ناخشىمىز ئالەمدە ـ كۆكتە ياڭرىدى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بوينىنى قىسىپ قاراپ قىلىشتى ،
بۈلۈڭدا چاڭ بېسىپ سەرگەز ماتالار .
بازاردا يالتىراپ قىزارتتى كۆزنى ،
سارجا ، گاباردىئون ، خۇرۇم چاپانلار .

ئاجايىپ ياراشتى شەھەرگە ئەمدى ،
ئاشخانا ، رېستوران ،سەيلىگاھ دېگەن .
يېمەكنىڭ تۈرىنى ساناشمۇ قىيىن ،
سامسا ھەم كاۋاپنىڭ پۇرىقى بەلەن .

ئېتىزدا ، زاۋۇت ، تاغلار باغرىدا ،
ياڭراتتى خەلقىم ناخشا دېگەننى .
ئاغزىدىن چۈشۈرمەس ئىشچى دېھقانلار ،
گۈڭچەنداڭ ئاجايىپ ياخشى دېگەننى .

ئىچىمگە پەقەت پاتماس خۇشلىقىم .
گۈڭچەنداڭ نامىڭنى ئۇيلىغانسېرى .
توۋلايمەن ناخشامدا كۈيلەيمەن سېنى ،
توۋلىغۇم كېلىدۇ توۋلىغانسېرى .

ماختاشقا تىل ئاجىز تەرىپلىرىڭنى ،
جەننەتتەك بولىدۇ ھۆسنۈڭ كەلگۈسى .
قوش ئامەت زەپەرلەر قوندى بېشىڭغا ،
جاراڭلار مەڭگۈگە يىللار كۈلكىسى .

2004 ـ يىل يانۋار

## ❈ خۇشالمەن پەرى خۇشچىراي ❈

ماغدۇرۇم يوق قىرىدىم دېسەم ،
جىم تۇرغۇزماس ئىلھام پەرىسى .
گاھ چىمدىسا ، گاھى قىچىقلاپ ،
كۇلدۇرىدۇ ئۇنىڭ جىلۋىسى .

تەۋرىگەندە قەلەم قولۇمدا ،
ئېچىلىدۇ كۆڭلى پەرىنىڭ .
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولار بۇ جىسمىم ،
پەرھادىمەن شۇ چاغ شېرىنىنىڭ .

توختىمىسا تەۋرىسە قەلەم ،
پۇراق چاچار قىزىل غۇنچىلار .
ياشارمامدۇ خۇشالنىڭ دىلى ،
چېچىپ ماڭسام يولغا ئۈنچىلەر .

مۇشۇ قۇدرەت مۇشۇ كۈچ بىلەن ،
يەتمىش داۋان ئاشتىم چارچىماي .
هاياتىمدىن تامام رازىمەن ،
مەنمۇ خۇشال پەرى خۇشچىراي .

شائىر بولسام ، شائىرى بولسام ،
ئەل ــ ۋەتەننىڭ ، ئىشچى ــ دېهقاننىڭ .
مۇنداق شەرەپ پاتسا قەلبىمگە ،
نە كېرىكى پادىشاھ ــ خاننىڭ .





www.uyghurkitap.com

## * جەڭدىمەن *

ئەندىشە ، غەم ـ دەرد دېگەننىڭ غېمىدىن ئازادىمەن ،
ئۆلۈشۈپ جۆشقۇن ھاياتقا ، ھەر كۈنى كۈلمەكتىمەن .
ئۆتمۈشۈم ئۆتكەن ئىدى قايغۇ ـ غەم ھەسرەت بىلەن ،
ئەمدى گۈلباغ بۇلبۇلىمەن سايرىدىم ھەر كۈنى مەن .

زەپمۇ نۇرلاندى بۇ دۇنيا ، يورىدى يۇرت ئاسمىنى ،
كۆكتىكى شۇڭقار كەبى قاقتىم قانات ئاسماندىمەن .
شېرىن دەيدۇ : سىنايمەن مەردلىكىڭنى مەيداندا ،
قايىل قىلاي شېرىننى بولۇپ پەرھات ئەمدىمەن .

كەلمىشىم ئالەمگە بىردۇر كەتمىگىم بەرھەق ماڭا ،
تەندە جانىم بولسىلا ھەر كۈنى جەڭلەردىمەن .
تاغنى تالقان قىلغۇدەك ئىشەنچ ئىرادەم بار تېخى ،
كۈلدۈرۈپ خەلقىمنى ئۆتسەم ، قالمىسام ئارماندىمەن .

گۆلگە پۆركەندى جىمى يەر خۆددى بوستان – باغ ئېرەم ،
مەندە نە ئارمان پۆرەكلەر ئوينىغاچ شوخ تويدىمەن .
چال خۆشال سازىڭنى ياڭرات ، مەيگە زوقۇك بولمىسا ،
بەختى كۆلگەنلەر كۆلۆشكەي ، تنك تۆراي جەڭگاھتىمەن .





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ❋ مېيىپ روھى پەلەكتە ① ❋

بىر مېتىرغا يەتمىسىمۇ بويىڭىز ،
ئاسمانغا تاقىشىپتۇ روھىڭىز .
مېيىپلىققا بويۇن ئەگمەي ياشىغاچ ،
ھەممە يەرگە يېتەر بوپتۇ قولىڭىز .

خار بولۇشۇپ يۈرۈشمەمدۇ كوچىدا ،
پور كۆتەكتەك بەستى تۈرۈپ بەزىلەر .
نە غايىسى ، نىشانى يوق كۆڭلىدە ،
قامقاق كەبى يۇمىلىشىپ بەزىلەر .

تېنى ساغلام ، ياش تۇرۇشۇپ بەزىسى ،
كوچىلاردا تېخى ۋەيران دىۋانە .
تەر تۆكۈشنى ئەسلى راۋا كۆرۈشمەس ،
ئولتۇرۇشقان ئىككى پۇلغا پەرۋانە .

---

① ئىگىلىك ياراتقان پاپىلارغا

تۇداخۇن ھەم ئاسمگۇلگە قاراڭلار ،
مېيىپ تۇرۇپ ئەمگەكدە بولدى باي.
دىۋانىدەك يۇرۇشكەنلەر ئويغىنىپ ،
تەرنى تۆكۈپ ھاللىنىڭلار ئۇخلىماي .

كۆردۈق مانا مېيىپ روھى پەلەكتە ،
ئالقىشلىنار يۇرتىمىزدا ساخاۋەت .
تۇرتكە بولسۇن مېيىپ روھى ساقلارغا ،
ئاھ قېرىنداش كۆكلە ، بولغىن سالامەت .

2004 ـ يىل ئىيۇل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## * ئۆمۈر ھۇزۇرى *

( خەلقنىڭ ياخشى دوختۇرى ، بەش بالامنىڭ ئاپىسى ، سەكـ-ـكىز نەۋرەمنىڭ مومىسى ، مېنىڭ 50 يىللىق مېھرىبان ئايالىم ئامىنەم روزىغا بېغىشلايمەن )

سەن ئەمەسمۇ ئۆمرۈم غۇرۇرى ،
سەن ئەمەسمۇ جاننىڭ ھۇزۇرى .
سەن ئەمەسمۇ كۆزۈمنىڭ نۇرى ،
سەن ئەمەسمۇ ئۆيۈمنىڭ ھۆرى ،
سەن ئەمەسمۇ كۆڭلۈمنىڭ تۆرى .

سەن بولغاچقا قېشىمدا دائىم ،
ئېرىگەنغۇ پېشانەم شورى .
چۆلدە يالغۇز قالغان چېغىمدا ،
سەن ئىدىڭغۇ دىلىمنىڭ جورى .

سەن بولغاچقا بار ئەمەسمىدى ،
ياۋ ئالدىدا گېپىمنىڭ تورى .

سەن ھاياتىم تۈۋرۈكى ، غولى ،
سەن بىلەن تۈز ھاياتىم يولى .

ساڭا بەخت ئامەت تىلىمەي ،
قانداق چۈشكەي دۈئادىن قولۇم .
ساڭا مەڭگۈ دۈئا قىلمىسام ،
ئېتىكلىكتۇر ماڭغان ھەر يولۇم .

نى سەۋدالار كەلگەندە باشقا ،
ئاھ ، دېمەستىن ماڭدىڭ ئەگىشىپ .
يېرىم ئەسىر ئۆتۈپتۇ مانا ،
رەنجىمىدىڭ ، قالساق تەگىشىپ .

تۈمەن سۆزدىن ياخشى گەپ ئىزدەپ ،
تاپالمىدىم «رەھمەت» دىن بۆلەك .
ياشىغايسەن يەنە ئۇزۇن يىل ،
شۇمۇ بىزگە بەختتىن دېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## * قارامـاي *

بـىر چاغلار بىرىپ كۆرگەن سىنى قارامـاي ،
بورانلىق چۆل ئىكەنسەن ، كەتكەن قارىماي .
قىرىق يىل ئۆتتۈپتۇ ، بىرىپ قارىسام ،
ھەيرانۇ ھەۋەستە قالدىم تونۇماي .

بورانلىق قۇملاردىن قالماپتۇ ئەسىر ،
سۆكسۆكلۈك ئۆزگىرىپ بوپتۇ گۈلىستان .
يىلاندەك تولغىنىپ ئاققاچقا دەريا ،
بوزلارنى قاپلاپتۇ چىرايلىق ئورمان .

ۋاھ بۈگۈن جەننەتنىڭ ئاپتۇ تۈسىنى ،
كەڭرى يول بىنالار تاقىشىپ كۆككە .
خىزىرنىڭ نەزىرى چۈشكەن يەر ئىكەن ،
ئامەتلەر كەلگىنى تۇرۇپتۇ كۆپكە .

تۇغراقنىڭ روھىدىن كۆكەرگەن روھنىڭ ،
ياڭرىغان چۇقانى بوپتۇ مەدەتكار .
ۋارىسجان ، سىلىمدەك بوۋايلار يولى ،
ماڭغانچە كېڭىيىپ ، كۆپكەن تۆھپىكار .

قارىسام يۇلتۇزلار تۇتۇپتۇ ماكان ،
كېچىسى يوپيورۇق خۇددى كۇندۇزدەك .
تالاي مەرد ئوغۇل ، قىز تەرى بىلەن ،
ھەممىنىڭ مەيلىنى تارتىپ جەننەتتەك .

زاۋۇتلار ماڭىدىكەن توختىمايدىكەن ،
ئىشچىلار ئانىنى سۆيگەندەك سۆيۈپ .
بىر كېلىپ قالغانلار كېتەلمەيدىكەن ،
قىزلارغا ئاشىقتەك ھۆسنىگە كۆيۈپ .

شەنىڭگە قانچىلاپ يازساقمۇ داستان ،
قاراماي شەرىپىڭ تۈگىمىگۇدەك .
قۇياشمۇ تەلپۇنۇپ بېقىپتۇ ساڭا ،
كەڭ ئېچىپ قوينىنى پارلاق كېلەچەك .

2004 ـ يىل ئۆكتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ❋ ئادالەت خۇشتىرىدۇرمەن ❋

جىسمىم نۇردىن يارالغان ،
جاھالەت دۈشمىنىدۇرمەن .
ۋەتەن ئانام ئوغۇز بەرگەن ،
ئادالەت خۇشتىرىدۇرمەن .

چاڭقىسا ئېلىم خەلقى ،
ئىچەرگە زەمزىمىدۇرمەن .
جېفاڭجۇن پاناھىمىنىڭ ،
ئۇرۇشتا ھەمدىمىدۇرمەن .

ۋەتەن ئاسىيلىرى ــ ياۋغا ،
ھەقىقەت شەمشىرىدۇرمەن .
ئىناقلىقنى بۇزارلارغا ،
خەلقنىڭ خەنجىرىدۇرمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەتەن دەپ سايرىغان ئەسلى ،
گۈلىستان بۇلبۇلىدۇرمەن .
پۇراق چاچقان ئىپسىل ئەنبەر ،
چىرايلىق بىر گۈلىدۇرمەن .

2000 ـ يىل ئاۋغۇست

## ❁ كۆلۈشمەكتە بىر جۈپ بوۋاي ❁

ساقال سىلاپ ، تىلىقىپ كۈلدى بوۋاي ،
ھەيرانمەن پات ـ پات شۇنداق كۈلگىنىگە .
سەزگەندەك بولدى بوۋاي بىر نەرسىنى ،
بەردى جاۋاب بوۋايمۇ كۈلگىنىمگە .

مەن كۈلسەم ھەيران قالما كۈلگىنىمگە ،
بىلمەسەن ئۆتمۈشتە مەن ئۆتكەن ۋەيران .
ناشتىدا بۇردا نان يوق ، بۇردا تاپسام ،
چۈشكە يوق ، كەچكە نەدە ھەم يوق دەرمان .

ۋاھ ! بۈگۈن سەپسالىمەن ئادەملەرگە ،
باياشات ھەممە كىشى ، يا غېمى يوق .
ئىشلەيدۇ كۈندۈزلىرى ، كەچتە بەزمە ،
تىلىكى ، ئارمىنى تەل كۆڭۈللەر توق .

بىنالار ئېگىزلىكى كۆك بىلەن تەڭ ،
يەڭ تۈرۈشكەن ھەممە ئادەم سېخقا كىرسەڭ .
يىگىت ــ قىز ئايرىلمايدۇ ئىش ئەمگەكتە ،
ئىلىم ــ پەندە بەسلىشىدۇ قاچان كۆرسەڭ .

پارتىيىگە يۈرىكىنى يېقىشىدۇ ،
ئۆملۈكنى دەپ جانلىرىدىن كېچىشىدۇ .
خالىمايدۇ سەپ كەينىدە قېپقېلىشنى ،
ئىلغارلىقنى قوغلىشىدۇ ، چېپىشىدۇ .

ئېھ مايتېغىم ! ياشلىرىڭدىن مىڭ سۆيۈنەي ،
نەۋقىران چاغلىرىڭدىن مىڭ ئۆرگىلەي .
شائىرلار تەرىپىڭنى توگىتەلمەس ،
بېھىشتەك تاغلىرىڭدىن مىڭ چۆرگىلەي .

زاۋۇتلار مىڭنۇۋاتسا ، توختىمىسا ،
سۇرئىتىگە مىلتىق ئوقى بويلىمىسا .
ئاق نان يەپ ، ئاق قارىنى بىلمەمدىمەن ،
زامانغا خوشلۇقۇم كۆپ ، كۈلمەمدىمەن .

※

يانچۇقىدىن ئالدى بوۋاي چاقچىسىنى ،
توكۇلداتتى ئالىقىنىغا ناسىۋىلىنى .
ئېھ مايتاغ ! ئىلپىتتىڭمۇ ئاشۇ بوۋاي ،
سەن كۇلسەڭ كۇلدى سىلاپ ساقىلىنى .

2002 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

※

## ✽ تاشلىدىم ✽

( ساتىرا )

رودنپاي هاراق – شارابنى ،
ئەمدى دوستلار تاشلىدىم .
ئەگرى – قىيسىق مىجەز – خۇينى ،
قوشۇپ بىللە تاشلىدىم .
بەزى ئىلهام كەلمىسە ،
چاچسىز بېشىمنى قاشلىدىم .
تاشلىدىم ئىللەتلىرىمنى ،
« لەمىيەكۇ » نى باشلىدىم .
ئەل – جامائەت كەچۈرەر دەپ ،
« تاشلىدىم » نى باشلىدىم .

※

هەر تەرەپكە كەتتى داڭقىم ،
ئاتىقىم بولدى زابوي .

بۇ ئاتاق مەندىن ئېشىپ ،
بولدى بالام يارى زابوي .
بىر چىرايلىق مەنىلىك ،
ئاتام قويغان ئات تۇرۇپ .
ئەمدى باغاقلاردىمۇ ،
يېزىلدىغۇ بارى زابوي .
دەردلىرىمگە پايلىماي ،
قىسسە يېزىشنى باشلىدىم .

※

ئۆتتى مەيخورلۇقتا ئەپسۇس ،
ياشلىقىمنىڭ تولىسى .
ئوقۇساڭ قىسسەمنى دوستلار ،
بارغۇ مەيخور شولىسى .
مەست بولۇپ مەن ياتمىغان ،
قالدىمۇ ھەر كىم ھويلىسى .
قانچىلاپ تەگدى بېشىمغا ،
نى پۇشايمان سويلىسى ،
شۇ سەۋەبتىن بۇل شاراب
خۇمارىنى تەل تاشلىدىم .

※

قاتىرىغاندا مەرتە ـ مەرتە

توختىماي پۇت يورغىسى ،

سالدى پاچاقتا « يىگىت » لەرنىڭ

چوماقچى ـ دوغىسى .

قالىدى مەن چاقىمىغان

قوغۇنچىلارنىڭ سويمىسى ،

بۇ ئاھانەتلەر ھاراقىنىڭ

ماڭا سۇنغان سوۋغىسى .

مەستچىلىك ھەم نەسچىلىكتە

كەتتى كەلمەس ياشلىقىم .

※

كوچىلاردا ۋارقىراپ مەن

ناخشىغۇ دەپ جاقىراپ .

لىۋەنلەرنى كۆرۈپ قالسام

چىرايلىق دەپ پىرقىراپ ،

تالاي قالدىم بازارلاردا ،

بەل پۇتلىرىم سىرقىراپ ،

قوپالمىدىم ئەتىسى
ماغدۇر كېتىپ ھالسىراپ ،
شۇڭا نومۇس كۈچىدىن
بۇ ئىشەنى تاشلىدىم .

※

دوستلىرىم بىلسەڭ بۇ قىسسەم
مەن گۇناھكار تۆۋىسى ،
بولدى مەكرو تاپىنىم
يەتكەن زىيىنىنىڭ توپىسى .
كىيىپ ياڭزا كۇلا جەندە
بولۇپ ئويۇنىنىڭ سوپىسى ،
قالمىدى قاقشاتمىغان
شەھەر بىشى داموللىسى ،
ئەمدى مەن تاشلاپ شارابنى ،
« قوللىيا » نى باشلىدىم .

※

ئىچتىما تىنماي شارابنى ،
مەيخورلۇقۇمغا يەتكۇدەك ،

قاچتى تەلەي ، كەتتى ئامەت ،
باستى غەم ـ غۇسسە دىمەك .
ئىتتىزىمغا كۆكچى تەرسەم
چۇشكىنى ساپ ناخمەك .
توزىدى ، كەتتى قاياقتا
گەردىشى يوق شۇم پەلەك ،
رەنجىگە تولدى خوشاللىق ،
ئوينىاق كۆزۈمنى ياشلىدىم .

※

ئارىلاپ تاۋكا ئارا ،
ئاتسام ھوشۇق ، چۇشكىنى چوۋ .
تەلىيىم يوق زادىلا ،
چۇشمەيدۇ ئاتسام ئالچىسى .
ھەممىسى دەيدۇلا « پاك »
ئۆتتى ئۆمۈرنى شۇنچىلىك ،
ئاخىر بولدۇم ھاماقەت ،
ئەسكىلەرنىڭ غالچىسى ،
ئەنە شۇ ۋەج تۇپەيلى
بۇ ھاراقنى تاشلىدىم .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تور ئادرېسى

※

جوزىلار ئۆرۈلدى كۆمپەيكۆم

چېقىلدى ھەم ئوچاق ،

داستىخانلار قانچىلاپ

رەسۋا قىلىندى نەچچە ۋاق ،

نوچىلىق ئۆرلەپ پەلەككە

قالمىدى ئەينەك ـ تاۋاق ،

قانچە رەت قالدى ئويۇن ـــ

بولغان سورۇنلاردا تۇماق ،

شۇ خىجالەت دەستىدىن ،

ئىچمەي ھاراقنى تاشلىدىم .

※

« تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر » دەپ

بارنى قويدۇق ، يەڭ دېدۇق ،

« ئولتۇرۇپ ئىچسەك قارا سۇ ،

ئۇ ھەسەلگە تەڭ »ـــ دېدۇق .

ئۆيدە خانىم « بولدى ئىچمەڭ »

دېسە ، « خانغا دەڭ » دېدۇق .

قالمىغاچ ئىمكان ، ئىلاج ،
زەھەر شارابنى تاشلىدىم .

※

چىكىنگە يەتكەندە بەگۇۋاشلىق ،
ئويۇنغا تويغۇلۇق .
« بولدى بەس ! » — دەپ
بۇ « تاماشا » نى ئەمدى قويغۇلۇق .
بەلنى رۇسلاپ ، يولنى تۈزلەپ ،
ئەمدى ئالغا ماڭغۇلۇق ،
« ئەل ئۈچۈن ئىشلەش » دېگەننى
مەيدىگە چىڭ تاڭغۇلۇق .
ئەل بىلەن بىر سەپتە ئەمدى ،
يېڭى قەدەم تاشلىدىم .

※

تاشلىسام ئىللەتلىرىمنى
كەلدى ئامەت قوش بولۇپ ،
چىقاردى بارماق قولىمنى ،
تونۇش ــ بىلىشلەر خۇش بولۇپ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

چاپىنىم ئاشتى تېزىمدىن
كاستوم دېگەن قوش – قوش بولۇپ ،
ئۇلپەتلىرىم تاشلاڭ شاراب
ياشايلى بىللە دوست بولۇپ ،
تۈگىدى غەم – قايغۇلار ،
پارلاق يولۇمنى باشلىدىم .



## ❋ رۇبائىيلار ❋

يار ھۆسنىنى رەڭ ، بوياق ، ـــ دېدىم ،
دېگىنىمگە مىڭ تاياق يېدىم .
رېڭى كەتسە قالمامتى تېگى ،
تۇگىمەس ئەمدى پۇشايمانلىرىم .

※

كىمكى سۆيسە چىن دىلىدىن مىللىتىنى ،
تۇگىتىدۇ ئۆزىدىكى ئىللىتىنى .
ئىللىتىنى تۈزەتمىگەن شۇ ئادەملەر ،
تۇگىتىدۇ ئاقىۋەتتە مىللىتىنى .

※

نامازدىن چىقىپلا قىلمىغىن غەيۋەت ،
نامازغا كىرمىگىن بۇزۇلسا تاھارەت .
گۇناھنى ئىزدىمەي ، ئىزدە ساۋابلىق ،
شۇ چاغ يارىشۇر قىلغان ئىبادەت .

※

يول باشلا ، يېتىلەپ كورلارنى كۆرسەڭ ،
ئېگىلىپ سالام قىل چوڭلارنى كۆرسەڭ .
ئاغزىڭدىن شەربەتلەر تۆكۈلۈپ تۇرغاي ،
خۇشامەت قىلمىغىن توڭلارنى كۆرسەڭ .

※

ئۇ سۆيمىسە سۆيگىنىڭ بىكا ،
ئۇ سۆيسىمۇ سۆيمىسەڭ بىكا .
بۇ پەرقنى تونۇپ يەتمىسەڭ ،
ئۇزۇنغىمۇ بارالماس نىكاھ .

※

بېشىڭنى سىلىسا سىلا بېشىنى ،
توغرا يول باشلىسا چىڭ تۇت پېشىنى .
نائەھلى قىچىقلاپ كۆلدۈرەي دېسە ،
ئاشلىقتىن ئۆلسەڭمۇ ئىچمە ئېشىنى .

※

بۇلبۇلنىڭ سايرايدىغان چاغلىرى بار ،
سايرىسا ياراشقۇدەك باغلىرى بار .

مۇھەببەت بەك سۆيۈملۈك دەپ قالمىغىن ،
ئۇنىڭمۇ قاقشايدىغان چاغلىرى بار .

※

مەيىن شامال چىقسا دەرەخ ئويىنار ئۇسسۇل ،
ئەر قولىدا ئويناپ كەتمەن ئوخشار ھوسۇل .
كەتمەنچىنىڭ يانچۇقىدا بولسا كىتاب ،
تەرلىرىدىن گۈل ئېچىلۇر ئالەمشۇمۇل .

※

ئەسلىدە ئىتلارنىڭ ئىدى غاجىلاش ،
ساڭا قانداق يۇققاندۇ « ئاداش » ؟
رەزگىنىڭ ھۈنىرى ئەمەسمۇ شۇنداق ،
گۇناھسىزلارنى كوچىلاش ، غاجاش .

※

سەللىنى تەتۈر ئوراپ ، ئاچقىنىڭ پال ،
خەلقنىڭ سەتلەشلىرى بولمىدى دال .
ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارغىنىڭدا ،
سارغىيىپ تىترەيسەن بولۇپ غال - غال .

※

دەردمەننىڭ يۈرىكى پۈتۈن ئەمەس چاك ،
ۋە لېكىن ئۇنىڭ قەلبى ۋىجدانىمۇ پاك .
ھەرگىز تەڭ بولالماس ئاشۇ دەردمەنگە ،
يۈز ئەمەس مىڭلىغان قارايۈز ناپاك .

※

ھۆرۈنغا بەكمۇ ئېغىر نان چاينىماق ،
نە ھاجەت خاپا بولۇپ كۆپ قاينىماق .
قىسمەت كۆپ ھەر نەرسىدە نەزەر سالساڭ ،
ۋىجدانسىزنىڭ خىسلىتىغۇ كۆپ ئاينىماق .

※

قاپقارا كۆزلىرىڭنى دەيدىكەن بۇلاق ،
كۆرەلمەسلەر چېچىڭنى دەيدىكەن ئۇلاق .
بۇلاقمۇ ، ئۇلاقمۇ پەرۋايىم پەلەك ،
جەننەت شۇ سەن بىلەن ياشىسام ئۇزاق .

※

مايلا ، — دېسەڭ مايلىماستىن ئايغىمنى ،
يېگەن ئىدىم تالاي قېتىم تايىقىڭنى .

مانا ئەمدى بىر بولۇمسىز ئادەم بولدۇم ،
سىغىنىمەن مىنى ئۇرغان تايىقىڭنى .

※

يار دىسە بەردىم كۆڭۈلنى ئالدىراپ ،
بەرگىدىن چۇشتى غازاڭمۇ ئالدىراپ .
ياشلىقىمغا بۇ چىرايىم ماس ئەمەس ،
بايقىماي شەيتانغا كۆيگەچ ئالدىراپ .

※

سەيلىگە چىللايدۇ يار ، مەن ياق ، دىدىم ،
بەزمىدە ئوينايلى دەيدۇ ياق ، دىدىم .
« نىمىگە كەلدۇق جاھانغا ئوينىماي —
كەل قۇچاقلاي ... » دىۋىدى ياق ، ياق ، دىدىم .

※

شامالدا ئوينىدىڭ كۆرەڭلەپ ئۇسۇل ،
بوراندا قاچىسەن ئۆيۈڭگە ئۇدۇل .
قۇيۇندا چۆرگىلەپ قايغاندا بىشىڭ ،
پەلەكنىڭ چەرخىنى قىلىسەن قوبۇل .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

※

دەردى بار تىللاغا يوق مەيلىم مېنىڭ ،
بىۋاپا قىزلارغا يوق مەيلىم مېنىڭ .
پاك يۈرەك بىچارىلەر دوستۇم دېمەك ،
شەيتىنى - جىنلارغا يوق مەيلىم مېنىڭ .

※

ھەقىقەتكە تاغدەك مېنىڭ بەرداشلىقىم ،
نا ئەھلىگە قىلچە يوقتۇر شەپقەتلىرىم .
خەلق بەرگەن خەنجەر بىلەن كېسەرمەن باش ،
جىنايەتكار گەر بولسىمۇ قېرىندىشىم .

※

« بىر ئۆمۈر ئويىنىسام ئانام باغ » — دېسەڭ ،
« غاجىسام تۈگىمەس ئانام تاغ » — دېسەڭ .
سېنىمۇ غاجاشنىڭ كەلسە نۆۋىتى ،
تېپىلماس داۋاسى — « باغرىم داغ » — دېسەڭ .

※

ئەل قويىنى جەننەتتۇر بىلەلىگەنلەرگە ،
بەختىمۇ قېشىدا كۆرەلىگەنلەرگە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

زارلىنىپ زاماندىن قاغشىلىك بىكار ،
كۆلكىمۇ ياندىشاس كۆلەلمىگەنلەرگە .

※

تاپالمايسەن پۇشايمانغا كېيىن قاچا ،
ئەل ئىچىدە بىر زۇۋانسىز بولدۇڭ گاچا .
شەيتاننى قويۇپ بەرسەڭ ساپ دىلىڭغا ،
تىك تۇرغۇزۇپ كېپەنلەيدۇ سىلىپ جاپا .

※

كىرپىكىڭنى قىلىۋىدىڭ چەنلەپ ماڭا ئوق ،
سەزمەپتىمەن بېغىشىغا تەگدى يۈرەكىنىڭ .
قىرىپ قالدىم مېنى ئەمدى ئىزدىمە دىلبەر ،
قالدى نەدە قۇچاقلاشقا كۆچى بىلەكىنىڭ .

※

ئۈمىدسىز ئۈمىدلەردىن بىزاردۇرمىز ،
ئۈمىدۋار ئۈمىدلەرگە ئىنتىزارمىز .
دىللاردا بىر ئۇلۇغ غايە بولمىسا ،
تۇرمۇشتا مەڭگۈلۈك زارى ـ زارمىز .

※

ھارامنى ھالاللاپ يېگىنى ئادەم ،
ھالالنى ھاراملاپ يېگىنى ئادەم .
شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەندە تېخى ،
ھارامنى ھالال دەپ يېگىنى ئادەم .

※

بىلمىدىڭ خۇشتارلىقىمنى مەھەللىمىزنىڭ دىلبىرى ،
مەن كۆيۈپ قالغان ساڭا ، مايتاغدا كۆرگەندىن بېرى .
يا ئۆلەي ، يا بىر سۆيەي قىلدىم تەۋەككۇل گۇلپەرى ،
ياقمىدى سەندىن بۆلەك نازلىق گۈزەلنىڭ ھېچبىرى .

※

ئەركىلەپ ئاناڭدىن سورىغىنىڭ پۇل ،
بەرمىسە غالجىردەك ياندۇرىسەن قول .
دېگىنە گېپىڭنى ئاڭلىغاي ئالەم ،
ئۇ ئانا ـ ئاناڭمۇ ياكى ساڭا قۇل .

www.uyghurkitap.com

※

دەرد ـ پىراق شۇنداقمىدۇ سارغىيىپ بولدۇم سامان ،
ياشلىرىم دەريا كەبى ئاقتى ئەلەملىك بىر قىيان .
مەيلى سۆي مەيلى سۆيمە گۈلۈم رەنجىشلىرىم يوق زادىلا ،
بىر كۈلۈپ قويساڭ خۇشالىنىڭ جانلىرى قالسۇن ئامان .

1990 ـ 2001 ـ يىللىرى يېزىلدى .

## * هالال بول ئىنسان *

هايۋانلار ئىچىدىن تېپىلماس ئادەم ،
تېپىلار ئادەملەر ئىچىدىن هايۋان .
جان ئاناڭ سۈتىدىن ئالغانغۇ ئوزۇق ،
شۇ ئاناڭ سۈتىدەك هالال بول ئىنسان .

ياۋاشنى كۆرگەندە بولسەن « پالۋان » ،
قىزلارنى كۆرگەندە بولسەن قاۋان .
ئۆزۈڭگە بىر سوئال قويۇپ باققىنا ،
نېمىشقا تار ساڭا بۇ كەڭرى زامان ؟

بىلمىسەڭ هۆرمەتنى ياكى ئىززەتنى ،
بېرىلىپ قىلمىساڭ ئاشۇ خىزمەتنى .
خۇدامۇ دېمەسمۇ پۇشايمان قىلىپ ،
« نە ئۈچۈن ياراتتىم مۇشۇ ئۈممەتنى ... »

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

هەر ئىككىلا ئالەمدە ئاقارماس يۈزۈڭ ،
ئۆزۈڭنى ئوڭشىماي ، ئاناڭنى ئۇرساڭ .
نە هاجەت ، هايۋاندەك ياشىماق ساڭا ،
سەن ئۇلۇغ ئىنساننىڭ بالىسى تۇرساڭ .

1995 ـ يىل ماي



## ❋ خۇشال كۈلكىسى ❋

( قارامای « مايبۇلاق » ژۇرنىلىغا ئاتالغان )

ئارمانسىز دۇنياغا كەلدى ئامەتلەر ،
تېخىمۇ بەختىيار بولغاي كەلگۈسى .
شۇ گۈزەل باغلاردا سايرىسا بۇلبۇل ،
قانداقمۇ توختىغاي خۇشال كۈلكىسى .

« مايبۇلاق » كۈلۈپ تۇرغان نۇر چىراغسەن ،
ئېچىلىپ بىھىساب گۈل چاچتى پۇراق .
سەن نېفىت ئادىمىنىڭ خۇش ناۋاسى ،
قايغۇ غەم ، دىشۋارچىلىق سەندىن يىراق .

ھەر باپتا كۈلكىمىزگە ھەمدەملىشىپ ،
غەمكىنىنىڭ چىرايىغا كۈلكە بەردىڭ .
ئادالەت چىرىغىنى يالقۇنلىتىپ ،
ياش ئەۋلاد قەلبىگە ئۈمىد بەردىڭ .

يۇز باھار سانىغنى سانىشىپ كەلدىم ،
قەدەمدە كىچىكمىدىم ، ياندىشىپ كەلدىم .
كۆكلىگىن تېخىمۇ ، تىلەيمەن ئامەت ،
مېھرىڭدىن سۇ ئىچىپ ، ياشىرىپ كەلدىم .

نېفىتچى خۇشتارلىرىڭ يۆلەكتۇر ساڭا ،
سەنئەتنىڭ مېۋىلىرى سەندە ئەلۋەك .
سەن ئالەم ئاسمىنىدا بىزنىڭ يۇلتۇز ،
سەندە گۈللەپ پۇراق چاچقاي بىزنىڭ تىلەك .

ئاز يازدىم ساز يازاي دەپ يازالمىدىم ،
قەلىمىم گال ، چاغلىق ئىدى پەمىم مېنىڭ .
ماي بولىقىم قوبۇل قىلغىن ئاز بولسىمۇ ،
خۇشال كۈلسۇن يايراپ قالسا ئاتىغىنىم .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ❋ ئادەمدەك ياشا ❋

مەھەللىگە ھېچ ئارام بەرمەيدۇ كۈندە ،
ناخشا دەپ ئېشەكتەك ھاڭرايدىغانلار .
ياراتماس ئۆزىچە قېشىدا تۇرسا ،
ناخشىسى بۇلبۇلدەك سايرايدىغانلار .

غايىلىك ئادەملەر مەھەللىدە تولا ،
كۆرسىمۇ كۆرمەيدۇ كۆرمەيدىغانلار .
قانداقمۇ ئادەمگە ئوخشايدىغاندۇ ،
مەست ـ ئەلەس كالىدەك مۆرەيدىغانلار .

گەپلەرنىڭ چوڭىنى قىلىدۇ تېخى ،
يۇرتىنى ، مىللىتىنى سۆيمەيدىغانلار .
غايىسى ، ھاياسى بولمىغانلارنى ،
دوزاخقا سالساڭمۇ كۆيمەيدىغانلار .

بار تېخى ئېگىزگە يامىشىپ چىقىپ ،
پۆتىدىن تارتساڭمۇ ، چۈشمەيدىغانلار .
تالادا چاپقۇنداپ تۇرسىمۇ بوران ،
نوقۇشلاپ تۇرساڭمۇ ئۇخلايدىغانلار .

تىرىشچان ئادەملەر باتۇر ، چېلىشچان ،
ۋەتەننى ئانام دەپ كۆيلەيدىغانلار .
ئەجدادلار ئىزىدا زەپەر قۇچىدۇ ،
ئۆچەي دەپ قالسا ئوت پۈدەيدىغانلار .

تۆھپىكار ، ئالىملار ، ئۇستاز ، شائىرلار ،
بىر ئۆمۈر چارچاشنى بىلمەيدىغانلار .
ئەل ئۈچۈن شام كەبى يانىدۇ ئۆچمەي ،
جاپا ھەم مۈشكۈلدە ئۆچمەيدىغانلار .

يارالدىڭ دۇنياغا ئادەم پۈشتىدىن ،
ياشىساڭ ئادەمدەك ياشا ئالەمدە .
ناۋادا ، ئۆلسەڭمۇ قالماس ئارمىنىڭ ،
ياشىساڭ قىلىنىڭ ئوخشاپ ئادەمگە .

## ❋ پەندىيات ❋

( ساتىرا )

كېلىپ ئەلگە تونۇشتۇرغۇم سۆپەتنى ئاداشمىنىمنىڭ ،
يېزىپ سالدىم بۇ داستاننى سەۋەب ئەيلەپ ياناشمىنىمنىڭ ،
سەۋەبى نەچچە مىڭ خىلدۇر سەتەڭنى سەت ئاتاشمىنىمنىڭ ،
غەزەپكە پايلىماي « گۇر » گە كىرىپ جىمجىت ياتاشمىنىمنىڭ ،
ۋە ياكى ئورنى يوق ھامىال بولۇپ يارنى ساتاشمىنىمنىڭ .

پۇتى مايماق ، كۆزى ئالغاي ، سىڭايان بەل ئاداشىم بار ،
نىگەر كۆرمەي كۆنۈم ئۆتسە كۆرۈنگەندىن سوراشىم بار ،
يۈزى چوقۇر ، تىلى كەمتۈك ، بېلى دۈمچەك دوراشىم بار ،
سىياقى « ئۈز » شۈڭا كەچتە كۆزۈم يۇماي قاراشىم بار ،
يېزىپ پۇتتۇرگىلى بولماس ، سۆپەتنى قاياشمىنىمنىڭ .

جالا بىرلەن « ساچى » دالدا ، كۆرۈنمەيدۇ ئۈنىمك تازى ،
گويا ھازىدارغا ئوخشايدۇ ئۈنىڭ تۈن ئىلكىدە نازى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بەئەينى قىرىغان مايمۇن ۋە ياكى تۈلكە ئەلپازى ،
كۆڭۈلنىڭ كۆلگىمنى نەدە ئازابتۇر قىش بىلەن يازى ،
سەۋەبكارى دېمەكتۇر شۇ كىرىپ غارغا ياتاشمىنىڭ .

ھەزەر ئەيلەڭ ، تېگىپ كەتسە چاپانىڭنىڭ پېشى بىر ۋاخ ،
ياغار يامغۇر كەبى لەنەت ، تامىقى پىشقۇچە يۈز ۋاخ ،
ھۆرۈن شۇنچە دېمەيدۇكى : مۇشۇكنى پەش ، توخۇنى تاخ ،
بېسىلمايدۇ ئۇنىڭ نەپسى تاماقنى يەر كۈنى ئون ۋاخ ،
تۈلۈم چاشقانغا ئوخشايدۇ مېنىڭ كۈندە كۆرەرىمنىڭ .

ئېتىپتۇ بىر كۈنى ھالۋا ، سېلىپتۇ تۇزنى بىر چاڭگال ،
پېتىر مانتىسى بىر قىسمەت ، لېگەندە ئەينى بىر داڭگال ،
خۇشاللىق شۇ ئارام ئالساق قېيقاس - چوقان راسا جاڭجال ،
بەئەينى شىر ئوغۇل ئىدىم ، يۆتەلسە تىترىدىم غال - غال ،
ئاياندۇر سەۋەبى ئەمدى « سەتەڭ » نى سەت ئاتاشمىنىڭ ،

يوتقان كۆرپىسى قىسمەت ، ئۆيىنىڭ تۆت تېمى ئەينەك ،
پۇلىنىڭ يېرىمى چاچقا كېتىشۋەرسە بېشى پاينەك ،
لېگەن - كورا تۇرۇپ تۇرغاي ، پوتونلەي دەز چىنە - چەينەك ،

ئۆيۇمدە تەۋرىمەس تەپسەم ، بازارغا ئۇچىدۇ پەيدەك ،
نىمە لەززەتلىرى بولغاي مېنىڭ مۇنداق ياشاشىمنىڭ .

※

تونۇرغا نان ياقار بولسا ھەمىشە مەن ئاڭا يەڭلىك ،
بۇ ئۆيدىن تاپقىلى بولماس باراۋەرلىك ۋە يا تەڭلىك ،
ئۆتەر ۋاقتى ئۇنىڭ پەرداز بىلەن يۈزنگە سۇرۇپ ئەڭلىك ،
بىرەر موزدوز تاپار « خان » نىڭ يۈزىدىن نەچچە ئون چەملىك ،
جاھاندا قانچىسى بار دەپ سەۋەبى شۇ سوراشىمنىڭ .

※

جاھاندا ئەرگە چاپلاشقان مۇشۇنداقمۇ بىزەڭ بارمۇ ؟
مىجەز ـ خۇلقى ئىشەك ، ئىتتەك ، يارامسىز بىر دىۋەڭ بارمۇ ؟
بۇ دوزاختا كۆيۈپ ئۆتكەن ، مېنىڭدەك بىر روزەك بارمۇ ؟
جاھاننى ئاختۇرۇپ باققىن ، روزەكتەك بىر بوزەك بارمۇ ؟
ھېرىپ قالدىم ، ئايىقىغا يېتەلمەي پەندياتىمنىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ✽ يار ✽

يار دېگەننى تاتلىق دەيدىكەن ،
تۇز تەمىنى تېتىپ باقمىدۇق .
قىز قويىننى باھار دەيدىكەن ،
كۆكسىمىزنى يېقىپ باقمىدۇق .

ئېرىقىدا ئاقسامىمۇ مەيلى ،
ئېگىزىدا ياتسامىمۇ مەيلى .
ئاتمۇتتىم ئىسسىق جېنىمنى ،
لەيلىمىزنىڭ بولسىلا مەيلى .

ئارمان نېمە بىر دىدارلاشساق ،
لەيلى بىلەن باشلىساق سەيلى .
جەننەتنى قوي دوزىخىغىلا ،
يار قۇچاقلاپ كىرسەممۇ مەيلى .

ۋاپادارى بولسام گۈلۈمنىڭ ،
مۇھەببىتى سۇلماس ئەبەتكە .
يارۇ ، ناخشا ، مەيلىرى بولسا ،
ئايلىنىدۇ دوزاخ جەننەتكە .



## ❊ سۆيمىسەڭ ❊

سۆيۈۋىدىم ــ رەڭگىڭ قىزاردى ،
سۆيۈۋىدىڭ ــ رەڭگىم تاتاردى .
چۆمۈۋىدىم ــ مۇھەببىتىڭگە ،
ياش تۇرۇپلا چىچىم ئاقاردى .

مۇھەببەتتە كۆكلەيدۇ ئىنسان ،
مەيلى بوران ــ چاپقۇنلاردىمۇ .
بەرگەن تامىقى بەئەينى ھەسەل ،
ئوماچنى بەرسە ئاپقۇرلاردىمۇ .

مۇھەببەتنىڭ تىكىنى تولا ،
كۆلۈپ باقىدۇ چىدىغانلارغا .
سەن سۆيمىسەڭ سۆيگىنى بىكار ،
مۇھەببەت ئۆچتۇر ساختا ــ يالغانغا .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## * ئاللانىڭ چاقچىقى *

( قىينانامنى قاتتىق ھۆرمەتلەيتتىم )

مېھرىبانىم گۈزەل ئىدى ۋاپادار ،
قېرىغانچە ئوخشاپ قالدى ئانىسىغىلا .
قارىسامىلا مۇھەببىتىم بولار غايىب ،
خۇددى چاقچاق قىلغاندەكلا ئانىسىغا .

مۇنداق ئەلەم يەنە باشقا كىمدە باردۇر ،
يول بولمىسا تاشلىۋېتىپ ئۆيلىنىشكە .
ئىگەم نۆۋەت كەلدى ساڭا كۆرسەت ئامال ،
رازىمۇ سەن بۇ دوزاختا كۆيدۈرۈشكە .

يارەب ماڭا بېرىۋەرمە ئازابلىرىڭنى ،
ئايىمىغىن بىچارەڭدىن ساۋابلىرىڭنى .
قانچە ئازاب بەرسەڭ چىدار ئىدىم بىراق ،
كۆتۈرەلمەي قالدىم قىلغان چاقچاقلىرىڭنى .

2000 ـ يىل ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

## ❋ رەددىيە ❋

« قىزلىرىغۇ بولىدىكەن مايتاغلىقىنىڭ ،
يىقىنلاشساڭ تۈرىدىكەن ماي پۇراپ … »
دەپ سالدىيۇ مۇشۇ گەپنى بىر مېھمان ،
تۇرالمىدىم ھاقارەتكە مەن چىداپ :

سەندىچۇ ، ھاراق ھىدى ، رەڭ ھىدى ،
بىزدە قارا ئالتۇن ھىدى ، گۈل ھىدى .
بىر دەقىقە شۇ پۇراقتىن ئايرىلساق ،
مەنىسىزدۇر تۇرمۇشىمىز مەنزىلى .



## * قەنتتىن قەنتچىلەر تاتلىق *

دېھقان بار قىلار يەردىن ،
ئىشچى ئوخشىتار تەردىن .
خۇشالدۇر ئەل شۇڭا بىزدىن ،
قەنتتىن قەنتچىلەر تاتلىق .

تاتلىق دەيدىكەن قەنتنى ،
ياشنىتار ئىكەن جاننى .
باي قىلاركەن دېھقاننى ،
قەنتتىن قەنتچىلەر تاتلىق .

دېھقاندەك ئۇلۇغ يوقتۇر ،
دېھقان بار قورساق توقتۇر .
قورساق تويغاچ كۆڭۈل خۇشتۇر ،
قەنتتىن قەنتچىلەر تاتلىق .

www.uyghurkitap.com

پاختا بولمىسا رەخت يوق ،
بۇغداي بولمىسا نان يوق .
ئاشلىق بولمىسا بىز يوق ،
قەنتتىن قەنتچىلەر تاتلىق .

دېھقانغا سالام دائىم ،
بەرىكەت بەرسۇن خۇدايىم .
ئىشچى ـ دېھقان پاشايىم ،
قەنتتىن قەنتچىلەر تاتلىق .

2000 ـ يىل مايتاغ



## ❀ « مىس چوكانغا مەدھىيە » ① ❀

قامىتىڭ كېلىشكەن ، ھۆسنۈڭ ئالار جان ،
سەبىيلەر سېنى دەر « بىزنىڭ ئانا جان » .
سەن نېفىت قىزنىڭ سىيماسى كۆركى ،
كۆرگەنلەر قەلبىنى باسار ھاياجان .

رەستىدىن ئۆتكەنلەر تىكىلەر ساڭا ،
ھۆرمىتى ، غۇرۇرى ئاشىدۇ چەكتىن .
سەن ياشلار ئۈلگىسى ، سەركىسى مەڭگۇ ،
غەلبىدىن غەلبىگە قىلىپ دالالەت .

سەن مايتاغ قامىتى ، ئامىتى ، بەختى ،
مايتاغ مەڭزىگە ياراشقان مەڭ سەن .
ئۇزۇلمەس يېڭىدىن زىيارەتچىلەر ،
قەلبىمىز تۆرىدە ئاسمانغا تەڭ سەن .

① مايتاغنىڭ قاپ بېلىدە ئىنقىلابىي قۇربان گېنېرال قىزنىڭ مىس ھەيكىلى بار ئىدى .

تىكىلىپ قارايمەن ، قارايمەن تويماي ،
مايتېغىم بەستىگە ئوخشايدۇ بەستىڭ .
كۆڭلۈمنىڭ تەكتىدە ياشايسەن ئەبەد ،
گىلتېغىم يۆلەڭگىڭ ، ئۆڭمەيدۇ رەڭگىڭ .

تالاي قىز ـ يىگىتلەر مايتېغىم ئۈچۈن ،
تەرىنى ، كۈچىنى ، بەردى قېنىنى .
سېنىڭدەك ياشىساق قانار ئارمانلار ،
شۇنىڭچۈن مايتاغلىق تىكتى جېنىنى .

بىزدە كۆپ سەن كەبى چوغلۇق كۆزەللەر ،
پۇل ـ پۇچەك ، رەڭلەرگە قىزىقمايدىغان .
ئالۋاستى شەيتانلار قىزىقتۇرسىمۇ ،
يولدىن ھەرگىزمۇ ئېزىقمايدىغان .

2002 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ❋ نەۋرەمگە جاۋاب ❋

سوراپ قالدى بىر كۈنى نەۋرەم ،
« قانداق كىشى قېرىمايدۇ » دەپ .
بەردىم جاۋاب مەنمۇ ئويلىنىپ ،
ئاناڭ بولسا قېرىمايسەن ، دەپ .

مەيلى يېشىڭ كىرسۇن نەچچىگە ،
چاقىرىدۇ ئاناڭ « بالام » دەپ .
گاھى ئېزىپ كۆتۈرسەڭمۇ مۇشت ،
ئاناڭ يىغلاپ قالار « بالام » دەپ .

نەۋرىسىدىم مەنمۇ بوۋامنىڭ ،
بولدۇم بۈگۈن نەۋرەم بوۋىسى .
ئۆتىدىكەن ئۆمۈر مۇشۇنداق ،
بوۋىسىنى قوغلاپ نەۋرىسى .

2002 ـ يىل

## ئۆلمەمدىمەن

ئوقۇ ، دېسەم ئوقۇغۇچىنى ئوقۇمىساڭ ،
ئىسمىڭنى خەق يېزىپ بەرسە تونۇمىساڭ .
بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سورىمىساڭ ،
چىقىپ كەتسەڭ ئۆيگە كەچتە يولىمىساڭ .
سېنى ئەمدى ئادىمى دەپ بىلەمدىمەن ،
سېنى تاشلاپ يىراق جايغا كېتەمدىمەن .

※

خاماندىكى تەييار چەشنى سورىمىساڭ ،
ئەتە بىلەن ئۆگۈنلۈكنى ئويلىمىساڭ .
كۈنۈڭ ئۆتمەس دائىم بىزگە خۇيلىمىساڭ ،
قېشىڭدىكى ياخشىلارنى دورىمىساڭ .
ئاچچىقىمدا يىغلاپ تۇرۇپ كۈلەمدىمەن ،
تىرىك تۇرۇپ ئاھانەتكە ئۆلەمدىمەن .

※

ساتاي دېسەم سەن ئات ، كالا ، قوي بولمىساڭ ،
دۇكان ئېچىپ بەرسەم ئۇنى چۆرىمىسەڭ .

گەپ سورىسام ئىغىز ئىچىپ مۆرىمىسەڭ ،
يەرگە دوپپاڭ ئوڭدا چۈشسە ئۆرىمىسەڭ .
سىنى ئەمدى قوزا ، موزاي ، ئات دەمدىمەن ،
قىرىغىچە قىمىرلىماي يات دەمدىمەن .

※

ئەل ئىشلىسە سەن ياتىسەن قىمىرلىماي ،
« قىنى ئالغا ، هۇررا !» دەيسەن مىدىرلىماي .
چىنىقتۇرغىن ئىرادەڭنى بوشاشماستىن ،
گىپىڭدە تۇر كىپىنەكتەك پىلدىرلىماي .
ياخشى بولساڭ سىنى ئوبدان دىمەمدىمەن ،
بالام ئادەم بوپتۇ دەيمەن كۈلمەمدىمەن .

※

يۇمشاق پىشقان تۆشنى كۆرسەڭ قولنى سوزۇپ ،
گەپنى قىلساڭ رىزىنكىدەك تارتىپ سوزۇپ .
نەدە ياخشى سايە بولسا جىم ياتىسەن ،
بىر سائەتلىك ئىشنى بەرسە كۈنگە سوزۇپ .
ئاجايىپ بەندە بولدۇڭ توۋا دەيمەن ،
ساتسام سىنى ئالامدىكىن ئوغرى دەيمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

※

گەپىنغۇ تولا قىلدىم ، قۇلاق سال بالام ،
چوڭلارنى كۆرگەندە ئۆتمە بىسالام .
قەلبىڭدە ئەدەپنىڭ خىسلىتى بولسا ،
داداڭنىڭ كۆڭلىمۇ تاپىدۇ ئارام .
ئەمدى سەن ئادەم بولساڭ بالام دەيمەن ،
بولمىسا بىر مۆرىمەس كالام دەيمەن .

※

گېپىمنىڭ تەمىنى تېتىساڭ بالام ،
ماڭا كۆپ رەھمەتنى ئېيتىسەن بالام .
بەڭۋاشلىق ھالىڭغا يۈگەن سال بالام ،
چوڭلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سال بالام .
شۇ چاغدا مەن سېنى قەنت بالام ، دەيمەن ،
داداڭنى دوراپسەن جان بالام ، دەيمەن .

※

ئاتاڭنى دورىساڭ بولغىن مۇلايىم ،
بېشىڭنى سىلايدۇ خەلقىم ، خۇدايىم .
« ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە » بولغىن ،

سارغىيىپ قالمىسۇن دېسەڭ چىرايىم .
ئاللادىن ئەمدى ساڭا ئىنساپ تىلەيمەن ،
ئوقۇغان نامىزىمدا دۇئا قىلاي مەن .

2002 ـ يىل ماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## * قىلتاقچى قىزغا *

« سىزنى » تاشلاپ « سەن » دېدىڭ ، سەنلەپ مېنى ،
ئىلغىغا ئىلمەكچىمۇ پەملەپ مېنى .
بازىرىڭدا مەنچە خەق تۇرسا تالاي ،
كىرپىكىڭ ئوقيارىدا چەنلەپ مېنى .

ھەلمىدۇ ئارمانلىرىڭ قىيناپ مېنى ،
شۇنچە يىل بولدى سىلاپ سىيپاپ سېنى .
« ئايلىناي ھۆسنۈڭ ماڭا لازىم ئەمەس ،
بىر كۈلۈپ قويغىن » دېگەن ۋەدەڭ قېنى .

سەندىغۇ جان يوق گېپىڭنىڭ يوق جېنى ،
ئېيتقىنا تومۇرۇڭدىكى كىمنىڭ قېنى ؟
يا ئۆزۈڭنىڭ ، يا سۆزۈڭنىڭ سۆلى يوق ،
قانداقسىگە « دىلبىرىم » دەيمەن سېنى .

2003 ـ يىل

## شاماللار

قىز چىچىنى ئۇيناتىپ شامال ،
پۈرىقىنى يەتكۈزدۈڭ ماڭا .
سېغىنىشىم ئاشتى چېكىدىن ،
سالىمىمنى يەتكۈزگىن ئاڭا .

سالىمىمنى ئالغاندا ئىلىك ،
سىلاپ قويغىن پېشانىسىنى .
مېنىڭ ئەمەس يارىڭ قولى ، دە ،
بىلىپ كەلگىن ئىشارىتىنى .

شوخ شامالار ، شوخ ـ شوخ شامالار ،
ئوينىتىڭلار قاچماڭلار يىراق .
ئارىلىقنى قىلىڭلار يېقىن ،
يار ئىككىمىز سىلەرگە ئامراق .

www.uyghurkitap.com

شوخ شاماللار ، مەيىن شاماللار ،
سىلەر بىلەن كۆڭلىمىز شادىمان .
يار كۆڭلىنى قىلىڭلار ئىزهار ،
سىلەر بولغاچ يار بولسۇن ئامان .



# * مايتاغ بۇلبۇلى *

( ناخشا تېكىستى )

مەن بىر گۈلى مايتاغنىڭ ،
بۇلبۇلى گۈلىستانىنىڭ .
خۇشال بەختىمنى كۈيلەيمەن ،
ۋارىسى مەن ئىشچانىنىڭ .

جەننەتتىن ئېلىپ ئەنداز ،
كۆكەردى باغۇ بوستانىم .
ياساندى مايتېغىم تۇزدەك ،
ياشا مەڭگۈ گۈلىستانىم .

كەمەرنى بەلگە چىڭ باغلاپ ،
چوڭ كۈرەشكە ئاتلاندۇق .
كومپارتىيەم بولغاچقا ،
بەختىمىزدىن شادلاندۇق .

www.uyghurkitap.com

نەقرات : مەن بىر گۈلى مايتاغىنىڭ ،
بۇلبۇلى گۈلىستانىنىڭ .



## ❁ چولپان كۆزۈڭگە ❁

ئىچ – ئىچىمگە توشۇپ كەتتى ئوت ،
ساڭا باقماي كۆنلىرىم هارام .
چاڭقىغاندا قالسام چىدىماي ،
سېنى كۆرۈپ تاپىمەن ئارام .

قاراۋېرىپ چولپان كۆزۈڭگە ،
قېرىغاندا قالدىم باغلىنىپ .
هەر كۆنلۈكى كۆرمىسەم جېنىم ،
چىدىمىدىم چوغدا داغلىنىپ .

چولپان چىراي رۇخسارىڭىزنى ،
ئايغا مىسال چىرايىڭىزنى .
يەنە يۈز يىل كۆرسەم قانمايمەن ،
كۆڭلۈم تېپىنىپ بوستانىڭىزنى .

يۇزلىرىڭدىن چىچىلغان نۇردىن ،
قىزىرىمەن يېقىنلاشسام . 
نېمانچىلا باغلىنىۋالغانسەن ،
يۇرىكىڭنىڭ بېغىشىغىلا .

چولپان كۆزلۈكۈم بېغىڭدا بولبول ،
سايرىشار ئىكەن ئېچىلغاچ ھەر گۈل .
چىرايلىرىڭغا يارىشىپ قالغاي ،
مەن ئەۋەتكەن بىر تۇتام سەرگۈل .

شۇڭا بۇگۈن نەزمەمنى يازدىم ،
تۇتۇۋىدى يەنە خۇمارىم .
چولپان كۆزلۈكۈم قىيناۋەرمىگىن ،
بوينۇمغا ئاساي قىلىپ تۇمارىم .

2003 ـ يىل



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## * ئۆلپەتلەر *

ئەمەل بولسا ، پۇل بولسا ،
نېرى كەتمەس ئۆلپەتلەر .
باشقا كۈنلەر چۈشكەندە ،
بېرى كەلمەس ئۆلپەتلەر .

ئۆتكۈر بولسا پىچىقىڭ ،
ئۆيىنى باسار ئۆلپەتلەر .
سېلىنمىسا داستىخان ،
تويغا قاچار ئۆلپەتلەر .

كۈلۈپ تۇرساڭ ھەر كۈنى ،
ئەتراپىڭدا ئۆلپەتلەر .
توشقان كەبى قېچىشار ،
باشقا كەلسە كۈلپەتلەر .

تۆكۈلىدۇ ئاغزىدىن ،
ساداقەتتىن خۇش گەپلەر .
ئايرىلغاندا ئەمەلدىن ،
تېپىلمايدۇ ئۆلپەتلەر .

نە ھاجىتى كۆپ سۆزنىڭ ،
يېزىلدىغۇ كۆپ گەپلەر .
تاللىمىساڭ ئۆلپەتنى ،
تۈگىمەستۇر بۇ دەردلەر .

بازاردا كۆپ ئىزدىسەڭ ،
ئادەملەرنىڭ ھەر خىلى .
ئۆلپەت دېگەن ئالتۇندەك ،
ئادەملەرنىڭ سەرخىلى .

ئۆلپەت بىلەن ياشنايدۇ ،
ئىناق بولۇپ مىللەتلەر .
تۈگىسكەن تۇرمۇشتا ،
ماس كەلمىگەن ئىللەتلەر .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ياخشى تاللا ئۇلپەتنى ،
ھۆرمەت بىلەن ئىززەتنى .
ئېسىڭدە تۇت بۇ گەپنى ،
كۆرمەي دېسەڭ كۈلپەتنى .

2003 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# ❀ يېشىل يۇرت ناخشىسى ❀

( ناخشا تېكىستى )

ياپيېشىل چىملىقلار ، گۈللەر ، دەرەخلەر ،
چۆللۈكتە كۆكىرۈپ ياساندى تۇزدەك .
ئەمگەكچى تەرلىرى ئېچىلدۇردى گۈل ،
پەيزىگە چۆمۈلدى بۇندا ھەر يۈرەك .

يېشىللىق ھۇزۇرى دىللارغا ئارام ،
سايرىسا بۇلبۇلى ياشنايدۇ جانلار .
كۆكلەمنىڭ ئىشقىدا قۇشلار ناۋادا ،
ياشايدۇ راھەتتە بىزدە ئىشچانلار .

مايتاغنىڭ بوستانى ياپيېشىل گۈلباغ ،
بىر ئۆمۈر كۈيلىسەم تۈگىمەس ناخشام .
بەختىمىز تېخىمۇ ئاچقۇسى چېچەك ،
توختىماس كۈلكىمىز ھەر تاڭغا باقسام .

2003 ــ يىل يانۋار

## * جاڭجال *

جېدەل بىلەن ماجىرانى قايناتسا بولۇر « تەملىك » قىيام ،
ئۈستىگە « كۆندەش » سېپىپ ، « تىل » دىن تېمىتسا بىر قوشۇق .
تەنە ھەم تاپا بىلەن يېسە « ھۇزۇرلانسا » كىشى ،
« بەختىيار » ئۆمرۈڭ ئۆزارماسمۇ ئېشىپ يۈزدىن ئوشۇق .

خارلىنىپ ھەم خار قىلاي دېسەڭ خاتۇن ، بالا ، ئۆينى ،
جېدەللەرگە يېقىپ ئوتنى ئۇرۇشتىن بولمىغىن خالىي .
ئىچىپ ، چېكىپ نەشە ئاقنى تاۋكانى ماكان ئەتسەڭ ،
قېنى ئويلا ، ھاياتىڭنىڭ بىلەمسەن نە بولار ھالى ؟

ئىناق ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ گۈزەل بەختى تامام خۇشلۇق ،
شۇ كۆندەشلىك ، ھاقارەتلەر بۇزار كۆڭلۈڭ سېيماسىنى .
كۆتۈرمەك باش ئەجەب تەستۇر ئاۋام دوستلار ئاراسىدا ،
يوقات قەلبىڭدىكى داغنى مۇھەببەتنىڭ ياراسىنى .

جېدەل ــ جاڭجال دېگەن نەرسە ئۆيۈڭگە ئەپكېلەر دوزاخ ،
كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ئەۋزەل يېسەك نان ئورنىدا قوۋزاق .
جاھاننىڭ بار ــ يوقى تۇرسا بىزگە ئارانلا تۆت كۈنلۈك ،
ئىجىل ئۆتسەك كۆڭۈللەرمۇ ياشنايدىكەن بولۇپ ئامراق .

2003 ــ يىل ئاۋغۇست



www.uyghurkitap.com

## ❁ جانجىگەر دوستۇم ❁

پۇل سورىساڭ بەرگەنىدىم ، جانجىگەر دوستۇم ،
قايتۇرۇاردا بوران بولۇپ قان چاچار دوستۇم .
نامرات چاغدا بىر نان تاپساق بۆلۈشۈپ يېگەن ،
باي بولغاندا قاراپ قويماي يەپ قاچار دوستۇم .

بالا چاغدا ئوماچ ئىچكەن قوشۇق تالىشىپ ،
چوڭ بولغاندا مەي ئىچىشىپ ، سۆيۈپ يالىشىپ .
بېشىڭغا كۈنلەر چۈشۈپ ، ئاناڭ ئۆلگەندە ،
يىغلاشقانىدۇققۇ ئاقنى باغلىشىپ .

ۋاھ بۈگۈن ئۆتكەي ـ توختەي بولدىمۇ جاھان ،
ئەگمىدىڭ بوينۇڭنى مەن تۇرسام پەستە .
تۆت كۈنلۈك ئالەم بۇ كېتىمىز بىر كۈن ،
دوستلۇقنى ئۇنتۇما ، چىڭ ساقلا ئەستە .

2003 ـ يىل مارت

# ئەلۋىدا

سەن زېمىن ئەسلى ئەمەس ، بەلكى بېھىشنىڭ ھۆرى سەن ،
ئېيتقىنا سەن قايسى شاھ سۇلتان بېگىمنىڭ جورى سەن .
بىر كۆرۈپ سانسىز يىگىت ئايرىلدى ئەقلى ھوشىدىن ،
مەن كۆرۈپ قالدىم سېنى مەندەك بىمارغا دورىسەن .

قاقشىدىم ھەم كاپشىدىم ، بولدى پەرۋايىڭ پەلەك ،
ئەمدى نە ھاجەت مېنىڭمۇ بولدى پەرۋايىم پەلەك .
ئۆستىمۇ شەۋكەتلىرىڭ قىيناپ مېنى ، چەيلەپ مېنى ،
ئايلىنىپ كەلمەيدۇ دەمسەن ، تاڭلار ئېتىپ چەرخى پەلەك .

نە ئىشىڭ ئۇ ، مەن ساڭا زورلاپ ئۆزۈمنى ئاتمىسام ،
يا پېشىڭگە شەيتان كەبى زورمۇزور چاپلاشمىسام .
نازۇكەرەشمەڭ ئوت بولۇپ كۆيدۈردى جاننى قويمىدى ،
مىڭ ئۆلۈپ مىڭ بىر تىرىلسەم ياكى تاشلاپ كەتمىسەم .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سەن ئەجەب قىلدىڭ ماڭا ، سۆيمەك تۇگۇل تاشلار ئېتىپ ،
تىزلىنىپ ئالدىڭدا تۇرسام ، دۈشمەنلىرىمگە قاش ئېتىپ .
ئوت دېڭىز دەيدۇ دوزاخنى ، قىلمىشىڭ مىڭبىر دوزاخ ،
ئەلۋىدا ، مىڭ ئەلۋىدا يۇرمەيلى ئەمدى سەتلىشىپ .

2003 ـ يىل مارت



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ※ بىلمەپتىمەن ※

مۇز ئىكەن قەلبىڭ ئەجەب سەزمەپتىمەن ،
يوق ئىكەن مەيلىڭ ماڭا بىلمەپتىمەن .
سۆيمىسەڭ سۆيدۇرمىسەڭ ھالىم خاراب ،
كۈلمىسەڭ كۈلدۇرمىسەڭ كۈلمەپتىمەن .

كۈلمىسەڭ كۈلدۇرمىسەڭ كۈلمەپتىمەن ،
شۇنچە يىل كۆيسەم كۆيۈك سەزمەپتىمەن .
ئەڭ يېقىن چاغلاپ سېنى ، پەملەپ سېنى ،
ماڭا كۆيگەندۇر مېنىڭدەك دەپتىمەن .

رەنجىسە كۆڭلۈم ئۆزۈم بەزلەپتىمەن ،
يار دېگەن تاتلىق دېسە چەنلەپتىمەن .
ئەس ـ ھوشۇمنى يىغىۋالماي باشتىلا ،
ناز قىلىپ ئەركىلىسەڭ دەندەپتىمەن .

مەن كىرىپ شەيتان مىجەزنىڭ كەينىگە ،
مىسكىن دىلىمنى هاي بېرىپ گوللاپتىمەن .
يورغىسى ياقسا كۆڭۈلگە ئاقىۋەت ،
بىر نىكاھلىق بولىمىزغۇ دەپتىمەن .

بولدى ئويناتما كۆزۈڭنى مەست قىلىپ ،
بىر قېتىم سۆيمەكنى مۇنچە تەس قىلىپ .
پەندىيات ! مىنىڭ پەندىيات ! دەيمەن بۇگۈن ،
مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن قەست قىلىپ ؟

كىم سېنى يارىم دېسە بارغىن شۇ يان ،
كىمنى سەن يارىم دېسەڭ بارغىن شۇ يان .
كۆرمىسەم خوپ بوپتىكەن ئەسلى سېنى ،
مەن تىرىك ئۆلگەنگە تەڭ شۇندىن بۇيان .

2004 ـ يىل نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## * خانتەڭرى قىزىغا *

( راك ئازابىنى يېڭىپ كۈرەش قىلىۋاتقان ئاۋاز ئارتىسى مۇنەۋۋەر ئابلەتكە بېغىشلايمەن )

خانتەڭرى قىزىسەن ، تاغدەك قامەتلىك ،
قورقمىدىڭ ئۆلۈشتىن كۈمۈلۈشتىن .
قەلبىڭمۇ پاك ئىكەن خرۇستالدەك ئاق ،
تەمەيىڭ يوق ئىكەن ئالتۇن - كۈمۈشتىن .

شىر كەبى روھىڭدىن ئەيمىنىپ چۆچۈپ ،
راك دېگەن ئالۋاستى تىترىدى غال - غال .
سەندىكى سادىرنىڭ قېنى ئەمەسمۇ ،
سەن ئەمەس تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال .

چۆرگىلەپ يۈرسىمۇ سېنى ئەزرائىل ،
باتۇرلۇقۇڭغا بولدى ئۇ قايىل .
كەتتى يىراقلاپ ساڭا خوش دېدى ،
كاج بولسىمۇ ئەمەسكەن جاھىل .

هاياتنىڭ مۇشۇنداق قىسمەتلىرى كۆپ ،
ئېگىدۇ ئادەمنى ئېگىلگەنسېرى .
ئاددىي بىر زۇكاممۇ باسار ئاستىغا ،
قىلتاقلىرىغا ئىلىنگەنسېرى .

ھەر قانداق كېسەلگە شىپا كۆلكىڭىز ،
نۇر يېغىپ تۇرۇپتۇ گۈلدەك تۇرقىڭىز .
جىمىكى نېفىتچى تىلەيمىز سىزدىن ،
ئېكراندا شوخ ئاۋاز بېرىپ تۇرسىڭىز .

2004 ـ يىل مارت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## ❋ ئىتتىپاقلىق كۈچ ❋

« ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ » — دەيدۇ ئاقىل ،
قاملىشامدۇ بولۇۋالساق ئالىچىپار .
جۇڭگو دېگەن ھەممىمىزگە بىر ئائىلە ،
ئىناق بولساق بەخت بىزگە نۇرلار چاچار .

ئامراقتۇر ئىجىللىقا باياشاتلىق ،
زامان كۈلۈپ قارايدىكەن ھەممەتچىگە .
بۈلگۈنچىنىڭ قاچان كۆرسەڭ رەڭگى ئۆچۈك ،
بۇ زاماندا خېرىدار يوق مىللەتچىگە .

ھەممە مىللەت ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ئۆتسەك ،
چىرايلارمۇ قىزىلگۈلدەك ئېچىلامدۇ .
ئاشۇ گۈزەل چىرايلارنىڭ خۇش پۇرىقى ،
ئانا ۋەتەن قوينىغا كەڭ چېچىلامدۇ .

ئىتتىپاقلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتتۇر مەڭگۈ بىزگە ،
ئالىيالماس ئەمدى بىزگە قاپ يۈرەكلەر .
كىملەردۇر دەپ قالمىغىن بىزنى ئالەم ،
تونۇپ قوي بىز جۇڭگولۇق ئوت يۈرەكلەر .

مەيلى خەنزۇ ، ئۇيغۇر ، قازاق قان قېرىنداش ،
بىز ئازات ئەل كۆزلىرىمىز تۆكمەيدۇ ياش .
ئىجىللىقتىن ئامەت ياغدى كۆلدى ۋەتەن ،
بىزدە بولغاچ كومپارتىيە نۇرلۇق قۇياش .

2004 ـ يىل ماي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ✲ ئادەمگەرچىلىك ✲

ئېسىل خىسلەت ئەخلاق ئىدى — ئادەمگەرچىلىك ،
ئادىمىيلىك ، ھەمدەمچىلىك ، ئادەمگەرچىلىك .
ئۇلۇغلۇقنىڭ يالدامىسى گۈزەل خىسلىتى ،
ياخشىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر — ئادەمگەرچىلىك .

ھايات گۈلدەك ياشنار ئىدى ئادەملەردە ،
ھاجەتمەننىڭ كۆلەر دىلى ھەمدەملەردە .
رەنجىمەسمۇ كۆڭۈل دېگەن « سەن ، پەن » لەردە ،
ئارىمىزدا كۆكلىمىسە — ئادەمگەرچىلىك .



ساۋاب ئىدى يىقىلغاننى يۆلەپ قويۇش ،
ئوچىقىدا ئوتى ئۆچسە پۈۋلەپ قويۇش .
ھارۋىلىرى لايغا پاتسا سۆرەپ قويۇش ،
ئەجدادلاردىن قالغان مىراس — ئادەمگەرچىلىك .

يۈڭداي دەيسەن تۈكىنىمۇ قىرىنداشنىڭ ،
ئالسام ئەگەر بەرمىسەم دەپ قىرى ـ ياشنىڭ .
نە ھاجىتى ئادەملەرنى كۆپ غاجاشنىڭ ،
ئانچە مۇنچە دىلدا بولسۇن — ئادەمگەرچىلىك .

تۆت كۇنلۇك ياشاپ كېتىدىغان جاھان تۇرسا ،
بار تاپقىنىڭ قالىدىغان زامان تۇرسا .
دەيدۇ ھەممە « ھايۋانغىلا ئوخشايدىكەن ،
يورۇتمىسا قەلبلەرنى — ئادەمگەرچىلىك » .

ئوغۇز بىلەن كىرسۇن دىلغا — ئادەمگەرچىلىك ،
نۇرلىرىنى كەڭرى چاچقاي — ئادەمگەرچىلىك .
يوقالمىسۇن ئادەم بىلەن — ھايۋان پەرقى ،
مەڭگۇ كۆكلەر قەلبلەردە — ئادەمگەرچىلىك .

2004 ـ يىل ئىيۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ❀ خىسلەت ❀

بوۋا ، — دەپ سوراپ قالدى يولدا نەۋرەم ،
ياش بالىغا نېمانچىلا بەردىڭ سالام .
ئەجەب ئوبدان سوراپ قالدىڭ بۇ سوئالنى ،
جاۋاب بېرەي ، سەنمۇ ئوبدان ئۆگەن بالام .

ئۇ بالىغا ئۆگەتمەپتۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق ،
بىلمىگەچكە دادىسىمۇ سالام سائەت .
چوڭغا ھۆرمەت كىچىكلەرگە ئىززەت دېگەن ،
ھايۋاندىن پەرقلەنگەن ئۇلۇغ خىسلەت .

چۈشەندىم —دېدى نەۋرەم بۇ خىسلەتنى ،
بۇ خىسلەت نۇر چاچىدۇ مىللەتلەرگە .
قەلبىمىزگە سىڭسە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئەگەر ،
قىلچىمۇ ئورۇن قالماس ئىللەتلەرگە .

2004 ـ يىل ئىيۇن

## ✻ « گۇناھىڭ » يوقمۇ ✻

« گۇناھىم يوق » — دەيسەنغۇ تېخى ،
ئايدا بىر قېتىم كۆرۈنۈپ قويۇپ .
« مەن كۆيدۈرمىدىم » — دەيسىنا تېخى ،
ھەممە يېرىمنى كۆيدۈرۈپ بولۇپ .

قاپىقىڭنى تۈردۈڭ نېمىشقا ،
باياتىن بېرى كۈلدۈرۈپ بولۇپ .
ئەجەبمۇ ئېچىلىڭ ئاغرىمايدىكەن ،
نازۇك دىلىمنى سۇندۇرۇپ بولۇپ .

« ساڭا كۆيمىدىم » — دېيىشلىرىڭ بار ،
ئاشىقلىقىڭنى بىلدۈرۈپ بولۇپ .
بىرنى سۆيگۈچە تەتۈر قارىدىڭ ،
ئۇنداق قىلمىغىن بىلمىشىپ تۇرۇپ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

« گۇناھىم يوق » — دەيسەنغۇ يەنە ،
نېمىكەن ئۇ داغدا قويغىنىڭ ؟
ئۆچمەيدىغان بىر پارچە ئوتنى ،
يۈرىكىمگە سېلىپ قويغىنىڭ !؟

ئۆچۈرەلمىدىم ئوتۇڭنى جېنىم ،
يۈرىكىمگە كۆندە مۆز تېگىپ .
مەشۇقۇم تۇرۇپ قىينىما ئەمدى ،
ئامالىنى قىل قېشىمغا كېلىپ .

2004 ـ يىلى ئۆكتەبىر



## ❋ دىۋانىلەرگە ❋

ھەي دىۋانە ، تىلىشىڭ تەتۈر ،
ئۆزۈڭدىن تىلىمەي ئۆزگىدىن تىلەپ .
ئىشلىسەڭ تىلەشتىن كۆپ تاپاتتىڭ ،
ئۆزگىدىن قانچىلىك ئالالايسەن نەپ .

تىلەپ تاپسام ھالال ، — دەيسەن ،
ئىشلىگىنىم ھارام ، — دەيسەن .
جاھاندا بارمىدۇر سېنىڭدەك تەتۈر ،
تىلىدىم دەيسەنۇ ، ئالداپ يەيسەن .

يەتتە ئەزايىڭ ساق تۇرۇپ شۇنداق ،
تىلەپ يېيىسەڭ بولامدۇ ھالال ؟
ئىشلەپ يېيىسەڭ كۆرسە خۇدايىم ،
بەستىڭگە قاراپ بولامدۇ خۇشال ؟

www.uyghurkitap.com

※※※

ساق دىۋانىگە بەرمە سەدىقە ،
بەرسەڭ ساق تۇرۇپ بولۇر دىۋانە .
مېيىپنى كۆرسەڭ سىلا بېشىنى ،
دەردمەنلەر ئۇچۇن بولۇپ پەرۋانە .

2004 ـ يىل يانۋار



## ❀ سېنى سۆيمەيمەن ❀

بوغۇزۇمغا دائىم قالار كەپلىشىپ بىر سۆز ،
سىرتىمغا چىقىرالمىدىم ئىنجىقلىسامىمۇ .
زادىلا ئاڭلانماس ئۇنىڭ شەپىسى ،
يۈرىكىمنى قانچە قېتىم مىجىقلىسامىمۇ .

تالاي قېتىم دېدىڭ : « جېنىم ، بارلىقىم سېنىڭ ... »،
ماڭا ھەممە نېسىپ بولسا ئاناڭغا قېنى ؟
ئانىغا زەررىچە بەرمىسەڭ شەپقەت ،
ئاشكارا تۇرمامدۇ گەپنىڭ يالغىنى ؟

دېيەلمەي يۈردۈم ساڭا ئاشۇ گەپنى ،
دېمىسەم كۆيگىنى كۆيگەن دىلىمنىڭ .
مەن سېنى سۆيەلمەيمەن دەۋېتەي ئەمدى ،
جەبرىگە چىدايمەن كۆيسە تىلىمنىڭ .

سېزىپ يۈردۈم گەپلىرىڭنىڭ قىرتاقلىقىنى ،
سېزىپ يۈردۈم كۈلۈشۈڭنىڭ قىلتاقلىقىنى .
جېنىم دەيسەن ، گۈلۈم دەيسەن گەپ چىرايلىق ،
بىلىپ بولدۇم يۈرىكىڭنىڭ قانداقلىقىنى .

2004 ـ يىل ماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ❁ نۇرۇزنامە ❁

كەلدى نۇرۇز يازدىم بۇگۈن نۇرۇزنامە ،
نەزمىلىرىم چاچقۇ بولسۇن تەلەيلەرگە .
جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان چاغلار كەلدى ،
ئۇخلىمايلى ئەمدى كۆنۈپ ئەللەيلەرگە .

ئىقىپ كەلدى ئەگىز سۈيى شىلدىرلىشىپ ،
ئېرىقلارنىڭ يۇراق چاچتى يالپۇزلىرى .
ئويناشماقتا دىيارىمنىڭ كەڭ باغرىدا ،
گۈل يىغىشىپ مايتېغىمنىڭ شوخ قىزلىرى .

ئامبۇر بىلەن كۈلۈچ تۇتقان يىگىتلەرنىڭ ،
جاسارىتى ئاشتى بۇگۈن پەلەكلەردىن .
قىزلار تۇتقان گۈلدەستىنىڭ هاراریتى ،
ئالدى ئورۇن ئىسسىق ئاشۇ يۈرەكلەردىن .

ئۇلۇشكۈن توي ، تۈنۈگۈن ھېيت ، بۈگۈن بايرام ،
ئەتە كەلسە بايرام دېگەن قاينام ـ قاينام .
ھەممە مىللەت خۇشاللىقتا ئوينار ئۇسسۇل ،
شەربەت تولغان قەدەھ بىزگە گۈزەل سايرام .

باھار كەلدى ئۆركەشلىدى دىل شادلىقى ،
تۇرمۇش تەمى ھەسەل ، ناۋات ، قەنت تاتلىقى .
ئۆي ـ مەھەللە زاۋۇتلارغا ھېچ پاتمىدى ،
بوۋاي ، موماي ، يىگىت بىلەن قىز شوخلۇقى .

خىزىر دۇئا قىلغان مېنىڭ ماكانىمغا ،
ئۆستەڭلەردە ئاقار دائىم شەربەتلىرى .
ئامەتى بار ، ئارمىنى يوق مايتاغلىقنىڭ ،
جەننەتسىمان تۇپرىقىنىڭ ئەلۋەكلىرى .

باھار كەلدى ، يازمۇ كېلەر قۇچاقلىشىپ ،
قوزا تايچاق ، موزايلىرى ئويناقلىشىپ .
كۆلمەيدۇ كىم نورۇز گۈلى ئېچىلغاندا ،
تۇرسا ئەنە بۇلبۇللىرى شوخ سايرىشىپ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېتىز دەيدۇ : نۇرۇز كەلدى ، باھار كەلدى ،
تاغلار دەيدۇ : نۇرۇز كەلدى ، بەخت كەلدى .
مايتاغ دەيدۇ : نۇرۇز كەلدى ، خىزىر كەلدى ،
چەكسىز خۇشال باياشاتلىق پەسىل كەلدى .

مەن توختىتاي نەزمىلىرىم ئاز بولسىمۇ ،
ئالتۇن تۇرسا ۋاقىت دېگەن ھەممىمىزگە .
نۇرۇز بوۋاي دۇئا قىلغاي بەخت تىلەپ ،
ئامەتلەرنى ئاتا قىلسۇن ھەممىمىزگە .

2004 ـ يىل مارت



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# * قەشقەر قىزىغا *

بىر سۆيۈپ بولدى قۇچاقىڭغا كىرەي ،
ياندۇرۇپ سۆيسەم دوزاخىڭغا كىرەي .
مەيلى بول قازىكالان ۋە مەيلى شاھ ،
يەتتە قات زىندان سوراقىڭغا كىرەي .

كۆيمىگەن دوزاختىمۇ كۆيدۇم ساڭا ،
نە ئۇچۇن ھۆسنۈڭگە بولدۇم مۇپتىلا .
ئاقتى كۆزدە ياشلىرىم دەريا بولۇپ ،
باغرى تاشلىق قىلمىغىن يار مۇنچىلا .

ئاي بىلەن كۈننى دېدەكلىككە بېرەي ،
بارچە يۇلتۇز مارجىنىڭ بولغاي ساڭا .
بىر كۆلۈپ قوي قايرىلىپ قەشقەر قىزى ،
مىڭ ئۆمۈر بەرگەنگە تەڭ بولسۇن ماڭا .

2004 ـ يىل

## ❁ مېڭىشىمغا قاراپ كۆلمە ❁

يەتمىش دېگەن تىك چوققىغا بېرىپ قالدىم ،
مېڭىۋېرىپ ئۇزۇن يولنى هېرىپ قالدىم .
مېڭىشىمغا قاراپ كۆلمە ئەۋلادلىرىم ،
تەڭلىشىپ چاپالمايمەن قېرىپ قالدىم .

ئاقاردى چاچ ، باستى قورۇق بەل ئېگىلدى ،
ئىرادەم تېخى تاغدەك ئېگىلمىدى .
قەلبىم پاك زېدىسى يوق بۇ كۆڭۈلنىڭ ،
نەپەسلەر شەيتانلارغا چىگىلمىدى .

دۈشمەنگە قاپ يۈرەكلىك قىلدىم لېكىن ،
ئانامغا ئېگىلىمەن كاچالكىدەك .
ئەۋلىيادۇر ئاتا ـ ئانا باللارغا ،
ئۇ بولمىسا مەن مۇساپىر بىچارىدەك .

كۆلمىدىم ، كۆلەلمىسەم ھىجايمىدىم ،
بەزى چاغدا ئۇنتۇغاچقا كۆلكىلەرنى .
ياغدۇرۇپ نەپرىتىمنى تۇردۇم چىراي ،
ھەر كۈرسەم سەپىرىمدە تۈلكىلەرنى .

كەينىمدە قالغۇم كەلمەي يىل دېگەننىڭ ،
مىنىۋالدىم مۇشكۇل ، جاپا ، غەم دېگەنگە .
بەزى يىغلاپ ، بەزى كۆلدۇم توختىماستىن ،
بىراق بېشىم ئېگىلمىدى « مەن » دېگەنگە .

گاھ كۆلۈپ ، گاھ يىغلاپ ياشايدىكەنمىز ،
ئۆلگۈچە تۇگىمەسكەن تۇرمۇش چاقچىقى .
چوقىمدىن ـ چوققىلارغا ئۆرلەيدىكەنمىز ،
كۆپ پۇشايمان قالدۇرسىمۇ ئادەم ياشلىقى .

2004 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرىسى

## ❋ قىچىپ يۇرمە ❋

باغلىغۇاپسەن يۇرىكىمگىنىڭ قات ـ قېتىغا ،
شۇڭا نېرى بولالمىدىم باغلىقىڭدىن .
سېنى ئىزدەپ تاپالايمەن نەگە كەتسەڭ ،
يۇرىقىمگىنى يۇراپ يۇرۇپ ياغلىقىڭدىن .

مەندىن قىچىپ چىرايىڭنى نىقابلىما ،
تاپالايمەن كۆرگەنلەردىن سوراپ يۇرۇپ .
كۆرۈپ تۇردۇم يۇرەكتىكى ئەينەك بىلەن ،
قوينۇمدىكى ياغلىقىڭنى پۇراپ يۇرۇپ .

مېنى ئەمەس ئۆزۈڭنىمۇ قىيناپ يۇرۇش ،
ياراشمايدۇ گاھى قېچىداپ ، گاھى كۇلۇش .
ئىككى ئالەم ئايرىلمايمىز دېيىشكەنغۇ ،
نە پايدىسى مۇھەببەتكە قېچىداپ يۇرۇش ؟

www.uyghurkitap.com

بىزار قىلدىڭ قىشقا ئوخشاش يازلىقىڭدىن ،
مەنمۇ تىنچىپ ئۇخلاپ قالاي چاغلىقىڭدىن .
كۆپ قىيىنما چىدىمايمەن قىيناشلارغا ،
دىل تارتمىسا قويۇۋەتكىن باغلىقىڭدىن .

2004 ـ يىل

## ❋ يەتمىش داۋان ئاشقاندا ❋

توغۇلساق قىسمەتلەرگە يۈگەيدىكەن ،
تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك خىسلەتلىرى .
گاھ كۈلۈپ ، گاھى يىغلاپ ئۆتەركەنمىز ،
ئەجەبمۇ تولا ئۇنىڭ سىناقلىرى .

ئاسان دېمە يەتمىش تاغدىن ھالقىماقنى ،
بىردەم كۈلۈپ ، بىردەم جاپا داغدا يۇرۇپ .
ئامەت دېگەن ئېزىپ ـ تېزىپ كېلىدىكەن ،
كۈلكىسى يوق ، قاپىقىنى سەتلەشتۇرۇپ .

مىجەزىم بىر قىسمىلا بولسا كېرەك ،
كۈلكە چىراي ئازابقا بار ئامراقلىقىم .
قاپىقىنى تۇرۇپ كەلگەن ئامەتلەرگە ،
قارىمىدىم يېقىنلىماي يىراقلىدىم .

تۇغۇلۇپ يەتمىش داۋان ئېشىپتىمەن ،
ۋە لېكىن دىلىم خۇشال ، تېنىم تىمەن .
تۇرمۇشنىڭ ئازابلىرى سالدى قورۇق ،
بىراق ئۆزۈم يېڭى - يېڭى ئۈمىدتىمەن .

بالام بىلەن نەۋرىلىرىم قاتار - قاتار ،
كۆيئوغۇل - كېلىنلىرىم بەك ۋاپادار .
ياشلىقىمدا مېڭىبىر جاپا تارتقىنىم راست ،
ياشانغاندا بەخت تاپتىم كۈلدى دىللار .

يەتمىش باھار ، يەتمىش كۈزنىڭ تەمى باشقا ،
زىمىستان قىش سالدى تالاي ئەلەم باشقا .
بېشىغا كۈن چۈشكەنلەر بىلەلەيدۇ ،
كۈلكە - غەمنىڭ تۈز - تەملىرى باشقا - باشقا .

كۈلگەن بولۇپ يىغلاپ ئۆتتى ياش چاغلىرىم ،
يا ھېچبىر دورىيالماي تۈلكىلەرنى .
قۇرۇپ كەتسۇن « خۇشال » دېگەن لەقەملىرىم ،
كۈلەي دېسەم ، كۈلەلمىدىم - كۈلكىلەرنى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

بەزى چاغلار كەلدى بەخت ، قاپاق تۈرۈك ،
ئالما يېسەم تەمى باشقا ئاچچىق ئۈرۈك .
ئىرادەمنىڭ ئىست دەيمەن سۇنغانلىرى ،
ئامال قانچە ، ئىچى كاۋاك تۇرسا چۈرۈك .

بىلمەيتىمەن يىلىكىمگە چۈشسە قۇرت ،
قويماپتىمەن ياكى مەنمۇ ساقال ـ بۇرۇت .
كىم بىلىدۇ شەيتان دېگەن كۈرۈنمىسە ،
يۇرۇپتىمەن « موللا » بولۇپ ئوقۇپ دۇرۇت .

بولالمىدىم گەيجاڭ ياكى ئۇستا مەنجاڭ ،
يۇرگىنىم راست ، تاجىسى يوق خوراز بولۇپ .
ئۆزۈم كۈلمەي، باشقىلارنى كۈلدۈرەلمەي ،
ياشىغىنىم قالدى مانا ئارمان بولۇپ .

قېرىساممۇ ئەمدى ئالغا ماڭغاچ تۇراي ،
ناخشا توۋلاپ سازلىرىمنى چالغاچ تۇراي .
خۇشلۇقۇم شۇ ، مەن دەسسىگەن ئانا تۇپراق ،
هەر تاڭ سەهەر ماڭا بېقىپ ئاچسا چىراي .

يەتمىش داۋان ئېشىپتىمەن ئاھانەتسىز ،
تاغدەك تۆھپەم بولمىسىمۇ تەرلىرىم بار .
خۇشال مانا قېرىپ كەتتى دېيىشمەڭلار ،
ئوقۇساڭلار يېزىپ قويغان ئەسىرىم بار .

تەلەيلىرىم كەلمىسىمۇ ئارمان تولا ،
قېرىسامۇ تولدۇرارمەن كەملىكىمنى .
ئىشچانلارنى ئۈلگە قىلىپ تىرىشىمەن ،
جاپالاردا پىشۇرارمەن خاملىقىمنى .

يېرىم ئەسىر دۇردانىلەر تىزىپ كەلدىم ،
تاشنى تېشىپ گۆھەرلەرنى قېزىپ كەلدىم .
شېئىرىم بىلەن گۈلدەستىلەر تىزارمەن دەپ ،
سەپىرىمدە ئاندا ـ ساندا ئېزىپ كەلدىم .

جاپالارغا ئاتىنى سالدىم ، ۋاي دېمەستىن ،
نۇر ئىزدىدىم تاغۇ تاشلىق ساي دېمەستىن .
چىرايىمغا نۇر زىباسى ياراشقاندا ،
جىم ياتماي ، مېڭىۋەردىم ئاھ دېمەستىن .

ئېقىنى ئاق ، قارىسىنى قارا دېدىم ،
ئاغرىقىنى كېسەل دېدىم ، ساق دېمىدىم .
ئۆزۈم تۇرماق ئۇرۇق - تۇغقان باللار ھەم ،
نەۋرىلەرگە ياسا دېدىم ، چاق دېمىدىم .

خارلانغان ، ئېزىلگەننى ياشا دېدىم ،
يازغىنىمنى كەڭ ئاۋامغا يارار دېدىم .
ئۆلچىگەچكە ھەقنى ۋىجدان تارازىسى ،
گۇناھلىقنى گۇناھسىز دەپ ئاقلىمىدىم .

شېئىر يېزىپ داڭلىق شائىر بولمىساممۇ ،
ئالىچىپار كۆڭۈللەرنى ساپ دېمىدىم .
كۈن چۈشكەندە ۋەتىنىمگە ئەل بېشىغا ،
جەڭگە دېسە ، جەڭگە كىردىم ياق دېمىدىم .

تولغىسامۇ زىمىستاندا قاقشىمىدىم ،
خاتارىمنى بىر قېتىممۇ ئاقلىمىدىم .
ھەشەمەتكە يول بەرمىدىم ، ھالال ياشاپ ،
سەپەرلەردە ئۇيان - بۇيان شاخلىمىدىم .

سەكرىگەندە ئالغا قاراپ ئىشلىگەنلەر ،
مەنمۇ چاپتىم ، ھۆررۇنلارنى ساقلىمىدىم .
نى سەۋدالار كەلدى باشقا سەپەرلەردە ،
جاسارەتلىك بولدۇم ھەرگىز ۋايسىمىدىم .

سەبىيلەرگە مېھرى ـ شەپقەت بېرىپ كەلدىم ،
يولدا كۆرسەم ئەخلەت چاۋار تېرىپ كەلدىم .
جەڭگاھلاردا دولقۇنلارغا بوزەك بولماي ،
دۈشمەنلەرنى خەلقىم بىلەن قىرىپ كەلدىم .

تاپا ـ تەنە ، غەيۋەتلەردىن بولدۇم نېرى ،
كۆكسۈمنى كەڭ تۇتۇپ ئالغا ماڭغانسېرى .
ياشانغاندا ياشارغىلى تۇردى بەستىم ،
خرۇستالدەك بۇ كۆڭلۈمنىڭ يوقتۇر كىرى .

تاشلىمىدىم ئانام بەرگەن تۇمىقىمنى ،
بىلىم ، دېسە يۇمشاق تۇتتۇم قۇلىقىمنى .
ئەلنى رازى قىلاي دەيمەن تەرىم بىلەن ،
مۇشەققەتلەر چىقارسىمۇ جۇلىقىمنى .

نامىزىمنى ئوقۇمىدى ، دېمە ئاللا ،
ئىچمىدىكى ئۆپۆر – دۆپۆر ناماز ماڭا .
ئەسكىلەرگە ھۆرپىيىمەن قاپاق تۈرۈپ ،
بېشىم ئىگىك ، ياۋاش قۇلمەن ، كۇلۇپ ساڭا .

2005 – يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## * گۈلچىراي زېمىن *


( ناخشا تېكىستى )

كۆرگۈلۈك كەلسە جەننەتنى ،
مايتېغىم گۈلشەنگە كەل .
بېلىدە ئالتۇن كەمەر ،
باتۇر دېسەڭ يۇرتۇمغا كەل .

ئوغلى مەرد ، چولپان قىزى ،
مىللەتلىرى ئىناق ، ئىجىل .
ھۆسنى ـ جامالى گۈلچىراي ،
كۆكتە ئاي يۇلتۇز خىجىل .

گۈلتېغىم ، گۈل مايتېغىم ،
توزدەك چىرايىڭدىن ئايلىناي .
يۇرۇگۇم تاپماس ئارام ،
سېنى كۈيلەپ ماختىماي .

نەقرات : يۈرۈگۈم تاپماس ئارام ،
سېنى كۈيلەپ ماختىماي .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ❀ لېي فىڭ روھىدىن ❀

( ھاراق تاشلىغان يىگىت ئاغزىدىن )

بولغان ئىدىم بىزار شارابتىن ،
مانا بەھرىمەن بولدۇم شەرەپتىن .
ئەلگە مۇلايىم ئەگسەم بېشىمنى ،
كەلدى ئامەتلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن .

ئاغرىنىپ يۈرگەن ئىدىم پەلەكتىن ،
ئاخىر پۇشايمان قىلدىم بۆلەكتىن .
لېي فىڭ روھىدىن ئېلىپ كۈچ ـ قۇۋۋەت ،
ئەمدى بولايمەن قىزىل يۈرەكتىن .

ھاراق ، قىمارلار ياراشمايدىكەن ،
يېڭى زامانىنىڭ يىگىتلىرىگە .
ھامان ئادەمنى باسىدىكەن نەس ،
ئايلىنىپ ئالەم نىجىسلىرىگە .

1991 ـ يىل مايتاغ

[General Information]
书名=准噶尔的宝石　维吾尔文
SS号=40300738